UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت

## ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر

14.12.2020 – 21.12.2020

تەييارلىغۇچىلار : م. تەڭرىقۇت
: نىجات تۇرغۇن
: مەمەتئېلى مەمەتئېمىن
: نىجات مەمەت

تەھرىرلەر: : ئادىلجان ئەرئۇيغۇر
: پاسبان

11 - سان
22/12/2020

https://www.uysi.org/ug/

# ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋىتى
# ھەپتىلىك تەرەققىياتى ھەققىدىكى خەۋەر ۋە ئانالىز
## (21.12.2020 —14.12.2020)
### تەييارلىغۇچى : م. تەڭرىقۇت

■ خىتاي دېموكراتىك دۇنيانىڭ يىلتىزىنى قانداق قورۇتىۋاتىدۇ؟ ئامېرىكا «تاشقى سىياسەت» ژۇرنىلىدا بۇ ھەقتە بىر يازما ئېلان قىلغان بولۇپ، ئاساسىي مەزمۇنىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1989 ـ يىلى سوۋېت ئىتىپاقىنىڭ يىقىلىشى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قاتتىق چۆچۈتكەن بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن سوۋېتنىڭ گۇمران بولۇش سەۋەبى ھەققىدە ئىككى خىل سەۋەبنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇلار :

1. دۇنيانىڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئۆزگىرىشىگە ماسلىشالماسلىق.
2. ئۆزىنىڭ تارىخى تەجرىبەسى ۋە ئىدېئولوگىيەسىگە ئاسىيلىق قىلىش

بۇ سەۋەبتىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي سىستېمىسىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىنى يەنىمۇ بىر ھەسسە كۈچەيتكەن ۋە بۇنىڭغا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكى ئاستىدىكى خىتايچە سوتسىيالىزم دەپ ئىسىم قويغان.

خىتايلار يېقىنقى 30 يىلنى دۇنياۋى لىدىرلىق كۈچىنىڭ غەربتىن شەرققە

يۈتكىلىش باسقۇچى دەپ قارىغان. خىتاي ۋىرۇسىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋىتى ئۇلارنىڭ بۇ كۆز قارىشىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن. ئۇلار ئامېرىكانىڭ دۇنياۋى لىدىرلىق ئورنى زور دەرىجىدە لىڭشىپ قالدى دەپ قاراشماقتا. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى ئۇلارنىڭ يەنە ئۆزلىرىنىڭ دىكتاتور دۆلەت سىستېمىسىنىڭ غەربچە دېموكراتىك سىستېمىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشماقتا. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىك قاتلىمى 20-ئەسىردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان دېموكراتىك دۆلەت تۈزۈمىنىڭ باشقا تۈزۈملەردىن ئىلغار ئىكەنلىكى كۆز قارىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە ئۆزلىرىچە قايىل بولدى.

بۇ سەۋەبتىن خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭ خىتايلارنى كەلگۈسى ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلىشقا چاقىرىق قىلغان. خىتايدا 2008-يىلىدىن بېرى شەكىللەنگەن ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ۋە مېدىيالارنىڭ تەرەققىياتىدىن پەيدا بولغان ئەندىشە بىر-بىرى بىلەن ئارلىشىپ كەتكەن. گەرچە خىتاينىڭ ئىقتسادىي مۇۋەپپەقىيىتى كۆپ دۆلەتلەر تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن خىتاينىڭ دۇنيا سەھنىسىنىڭ مەركىزىگە قاراپ ھەركەت قىلىشى ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىغا باغلىق. خىتاينىڭ « خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم » دەپ ئاتىلىشلا ئۇنىڭ سىستېمىسىنىڭ دۇنياۋى سىستېما بولالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن دېموكراتىيەنىڭ مۇنۇ تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ دېموكراتىك دۇنيانى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقتا.

1. سۆز قىلىش ۋە يىغىلىش پرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ غەربنىڭ مېدىيالىرىدا خالىغىنىنى دېيەلەيدۇ. لېكىن خىتايدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئەلچىلىرى ۋە مۇخبىرلىرىنى بۇلاردىن بەھرىمان بولغىلى قويمايدۇ.
2. خىتاي يەنە تىۋىتتىر ۋە فېيسبۇك قاتارلىق ئىجتىمائىي مېدىيا ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، غەرب جەمئىيىتىگە سىڭىپ كىرمەكتە ۋە ئۆزلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرماقتا. ئەمما غەلىتە يېرى، بۇ ئىجتىمائىي مېدىيا ۋاستىلىرىنىڭ ھېچبىرى خىتايدا ئىشلىتىلمەيدۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنى چەكلەيدۇ.
3. چەتئەللىكلەرنىڭ خىتاينىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى ۋە پىكىر ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە زىيارەت قىلىشى ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس،ھەتتا بەزى چەتئەللىك مۇخبىرلار خىتايدىن قوغلىنىپلا قالماستىن يەنە ئۇلارنىڭ ئەرزان ئۇچۇرغا ئېرىشىش قورالى بولغان ئۇندىدارىمۇ تاقىۋېتىلگەن. لېكىن چەتئەلدىكى خىتاي مۇخبىرلار دېموكراتىيەنىڭ ئوچۇقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرى خالىغان كىشلەر بىلەن خالىغان مەسىلە ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇپ ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلار خىتاينىڭ قىلمىشلىرىنىڭ كۆرۈنگەن تەرىپى بولۇپ، مەسىلىنىڭ كۆرۈنمىگەن يەنە بىر تەرىپى بولسا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەلقئارا ئالاقە بۆلۈمىنىڭ ھەرىكەتلىرىدۇر. بۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. چەتئەللىك شەخسلەر ۋە ئائىلىلەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنى شۇ دۆلەتلەرنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇ دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىش .

2. ختـاي دىئاسپوراسـىغا (ختـاي پاسـپورتلۇقلارنىڭ ھەممىسـىنى كۆرسـىتىدۇ) ئىجتىمائىـي، ئىقتىسـادىي بېسـىم قىلىـش ۋە شەخسـكە بىۋاسـىتە تەھدىـت سـېلىش ئارقىلىـق ختـاي كوممۇنىسـتىك پارتىيەسـىگە خىزمـەت قىلـدۇرۇش.

ختاينىـڭ پـەن- تېخنىـكا جەھەتتىـن تەرەققىي قىلىشـى بىلەن بۇ خىزمەت ۋە تەھدىتلەرنىـڭ ھەممىسـى دىگىتاللاشـتى ۋە سـۈنئىي ئەقىـل تېخنىكىسـى بىلـەن بىرلەشـتى.[1]

■ يېقىنـدا ختـاي كوممۇنىسـتلىرىنىڭ دېموكراتىـك ئەللەرنىـڭ يۇقىرىقىـدەك «يوچۇقلىـرى» دىـن پايدىلىنىـپ، «ساھىبجامال ھىيلىسـى» ئارقىلىـق ئامېرىـكا قاتارلىـق دۆلەتلەرنىـڭ سىياسـىتىگە قانـداق سـىڭىپ كىرگەنلىكـى ۋە بـۇ ئارقىلىق قانـداق ئۇچۇرلارغـا ئىگـە بولغانلىقـى ھەققىـدە خەۋەرلـەر ئوتتۇرىغـا چىقىشـقا باشـلىغان.

بۇلارنىـڭ ئىچىـدە ئـەڭ دىققـەت تارتقىنـى ۋە تەسـىرى زور بولغىنـى كالفورنىيە ئۇنىۋېرسـىتېتى ئوقۇغۇچىسـى ۋە بۇ مەكتەپتىكـى ختـاي ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسـىنىڭ رەئىسـى كىرسـتىنا فـاڭ ياكـى فـاڭ ئىسـملىك ختـاي جاسۇس قىزنىـڭ ئامېرىـكا ئىسـتىخبارات ئىدارىسـى ( CIA) دىكـى دېموكراتـلار پارتىيەسـىدىن بولغـان ئالىي پالاتا ئەزاسـى ئېرىـك سۋالۋېل (Eric Swalwell) بىلـەن بولغـان غەيـرى مۇناسـىۋىتىدۇر. كىرسـتىنا فـاڭ ختاينىـڭ سـان- فرانسىسـكودىكى كونسـۇلخانا خادىمـى بىلـەن بولغـان مۇناسـىۋىتىنىڭ ئالاھىـدە يېقىـن ئىكەنلىكـى ئوتتۇرىغـا چىققـان. « FBI » بـۇ ئىككىسـىنىڭ بىنورمال يېقىنچىلىـق مۇناسـىۋىتىنى ئىـز قوغلاپ تەكشۈرگەن ۋە ئالىي پالاتا ئەزاسىنى بـۇ

[1]Gokhalel Vijay, “China Is Gnawing at Democracy’s Roots Worldwide”, Foreign Policy, 18.12.2020 https://foreignpolicy.com/2020/12/18/china-democracy-ideology-communist-party/

ھەقتە ئاگاھلاندۇرغان. دەل بۇ ۋاقىتتا فاڭ فاڭ ئۆن- تۈنسىز ئامېرىكادىن غايىپ بولغان.

دېموكراتلار پارتىيەسىدىن نەنسى پېلوسى خانىم بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ، بۇ ئىش سەۋەبلىك ئېرىك سۋالۋېلدىن گۇمان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. لېكىن، سابىق ئاقسارايى ئەمەلدارى كېۋىن ماك كارتىي، نەنسى پېلوسىنىڭ كۆزقارىشىنى خاتا ۋە خەتەرلىك دەپ قارايدىغانلىقى ھەققىدە باياناتى ئېلان قىلغان. ئۇ نەنسى پېلوسىنىڭ بۇنداق بىر ئەھۋالدىكى كىشىنى شۇنچىلىك مۇھىم ئورۇندا ساقلاپ قالغانلىقىغىمۇ ھەيران قالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن شۇنداقلا ئېرىك سۋالۋېلنىڭ ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى جون رېدكلىفنىڭ خىتاينىڭ ئىشپىيونلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندە بۇنىڭغا قارشى چىققانلىقىنىمۇ سۆزلەپ ئۆتكەن ۋە بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغان.

ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئانالىزىغا قارىغاندا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىستىخبارات ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئۇزۇن مەزگىللىك پىلان تۈزىدىغان بولۇپ، مەلۇم بىر ياش كونسۇل ياكى باشقا ئەمەلدار بىلەن ئۇزاق مەزگىللىك مۇناسىۋەتنى ساقلايدىكەن، چۈنكى بۈگۈن ياش ۋە ئاددىي كونسۇل كەلگۈسىدە كونگرېس ئەزاسى، پالاتا باشلىقى ھەتتا پرېزىدېنت بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. فاڭ فاڭغا ئوخشاش جاسۇسلۇق قىلىدىغانلار بىر ئەمەلدارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدىن تارتىپ ئالاقىلىشىدىغان كىشىلىرىگىچە ھەرقانداق كىچىك ئۇچۇرلارنى مۇھىم ئۇچۇرلار دەپ قاراپ، خىتايغا يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. ئامېرىكالىق بىر ئەمەلدار بۇ جاسۇس قىز ھەققىدە «ئۇ ھەرقانداق سورۇندا بار» دەپ ھەيرانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

خەۋەرلەردە دېيىلىشىچە، قىزنىقارلىق بولغىنى ئۇ بۇ يىل نويابىردا فېيسبۇك سەھىپىسىدە «مەن قايتىپ كەلدىم» دەپ بىر ئۇچۇر چىقارغان.[2] ئۇ ھەقىقەتەن قايتىپ كەلدىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھازىر؟

■ نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى بىر قىسىم مۇ تەخەسسسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، بايدىن ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ئامېرىكا - خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنى قانداق قايتىدىن تەرتىپلەش ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان بولۇپ، بايدىن ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىملىرىنى مۇنداق كۆرسەتكەن :

1. خىتاي بىلەن بولغان تاموژنا بېجى
2. ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنى بىر تەرەپ قىلىش
3. پەن - تېخنىكا ئوغرىلىقى.

بايدىننىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىدىن بىرى ۋىرۇس سەۋەبى بىلەن ئەڭ تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىقتىسادنى قايتىدىن بەرپا قىلىش بولۇپ، بۇ تاشقى سىياسەتكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشنى بولۇپمۇ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە قارىتا تەڭشەش ئېلىپ بېرىشقا مەركەزلىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىكەن. بايدىن خىتايدىن ۋاز كەچمەيدۇ لېكىن خىتاي بىلەن بولغان «جەڭ» نى تاللاش خاراكتېرلىك ئېلىپ بارىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەممىسى بىردەك بايدىننىڭ خىتايغا يەنىلا قاتتىق قول بولىدىغانلىقى ھەم قىسقا مەزگىلدە ترامپتىن بەك پەرقلىق سىياسەت يۈرگۈزمەيدىغانلىقى ھەققىدە ھەم پىكىر ئىككىلىنىشى بىلدۈرگەن. « Goldman Sachs » تەتقىقات

[2]China Observer, “ The Chinese Honey Trap | Christine Fang | Fang Fang | China Intelligence”, China Observer, 14.12.2020 https://www.youtube.com/watch?v=SMXcePNFY9M&t=1s

مەركىزىدىن دىنا پاۋىل خىتايغا قاراتقان تاكتىكىدا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى شۇنداقلا ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مەزگىلدە ھەم ترامپ ھەم ئوبامادىن پەرقلىق بىر ئىستراتېگىيە قوللىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.  بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن مۇھىت مەسىلىسى ۋە ۋاكسىنا تەمىنلەش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئورتاق ھەركەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە پەن- تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەردە تېخىمۇ شىددەت بىلەن رىقابەتلىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇتەخەسسىسلەر يەنە تېخنىكا رىقابىتىنىڭ پەقەت ئىككى دۆلەت بىلەنلا چەكلىنىدىغان مەسىلە ئەمەسلىكىنى، شۇڭا بايدىنىنىڭ ئىتىپاقداشلىرى بىلەن بولۇپمۇ ياۋروپا بىلەن بولغان بۇ جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

مۇلاھىزە يىغىنىغا قاتناشقان تەتقىقاتچىلار يەنە خىتايغا قارىتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق خىتايىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ كۈتۈلگەنلىكى لېكىن نەتىجىدە خىتايىنىڭ  ئۆزگەرمەي باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشكە باشلىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ خىتايىنىڭ خاتالىقى ئەمەس بەلكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ خاتالىقى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشقان. يىغىنغا قاتناشقان تەتقىقاتچىلاردىن Damien Ma، خىتايقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن خىتايغا ئوخشىۋېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلىقىنى تەكىتلىگەن.

مۇتەخەسسىسلەر يەنە خىتايىنىڭ يېقىندىن بۇيان، ئامېرىكانىڭ مالىيە ماگناتلىرى بولغان BalckRock ۋە goldman Sach قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ خىتاي بازىرىغا كىرىشىگە قولايلىق يارىتىپ بەرگەنلىكى ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويغانلىقى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، «goldman Sach» تىن مۇتەخەسسىس «McGregor » بۇ ھەقتە، خىتاي دۆلىتىنىڭ ھەرگىزمۇ ئۆزگە پايدىسى يوق ئىشنى قىلمايدىغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق ئۇلار بىر تەرەپتىن يۇقىرىقى شىركەتلەرنىڭ ئىلغار باشقۇرۇش تېخنىكىلىرىنى ئۆگەنسە،

يەنە بىر تەرەپتىن بۇلارنى خىتايدا پايدا بېرىپ تۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ خىتاينى ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالىشنى قىينلاشتۇردىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ خىتاينىڭ كۆپ قاتلاملىق دىپلوماتىيەسى بولۇپ، ئامېرىكانىڭ سودا ماگناتلىرى ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي جازاسىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. چۈنكى مالىيە سانائىتى ئامېرىكادا سىياسىي تەسىرگە ئىگە ساھە بولۇپ، ماگناتلار ۋاشىنگىتونغا « خىتايغا قارشى ھېچقانداق ئىش قىلما، چۈنكى مېنىڭ مەنپەئەتىمنى زىيانغا ئۇچرىتىسەن » دەپ ئېيتالايدۇ. [3]

لېكىن بۇ ھەقتە « Natixis » نىڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى باش ئىقتىساد مۇتەخەسسىسى ئەلىسا گارسىيا (Alicia Garcia_Herrero) بايدىننىڭ خىتاي سىياسىتىنىڭ يۇمشاق بولمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە زىددىيەتنىڭ چوڭقۇرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا خىتاي بىلەن ياخشىلىنىپ قېلىشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ياۋروپا، ئاۋسترالىيە، ئامېرىكا كونگرېسى ۋە ناتو قاتارلىقلارنىڭ خىتايغا قاتتىق پوزىتسىيەدە بولۇشقا باشلىغانلىقى ۋە خىتاي تەرەپنىڭمۇ بۇنىڭغا قارىتا ناھايىتى قاتتىق قول بولىۋاتقانلىقىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن.

ئۇ يەنە ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ كېلەر يىلى زور دەرىجىدە ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ 7.8% ، سىنگاپورنىڭ 5.9 %، جەنۇبىي كورىيەنىڭ 2.1 % ۋە ياپونىيەنىڭ 2% ئىقتىسادىي ئېشىشىنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. [4]

---

[3]Hirsch Lauewn, “How to Reset the Relationship Between the U.S. and China”, New York Times, 18.12.2020. https://www.nytimes.com/2020/12/18/business/dealbook/us-china-relations-debate.html

[4]Cheng Evelyn, “No reset in sight for U.S.-China relations, economist says”, CNBC, 10.12.2020 https://www.cnbc.com/2020/12/10/no-reset-in-sight-for-us-china-relations-natixis-economist-says.html

ئاق ساراي سودا ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى پىتىر ناۋارو ( Peter Navarro ) ئامېرىكا« Fox News » تېلېۋىزىيە قانىلىدا خىتاينىڭ ئامېرىكا ۋە دۇنياغا ئېلىپ كەلگەن زىيىنى ۋە ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتى ھەققىدە سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەن: «خىتايغا ئېلىپ بېرىۋاتقان جازالىرىمىز تېخى يېتەرلىك ئەمەس، خىتاي ئامېرىكانىڭ ئىستراتېگىيەلىك دۈشمىنى. ئۇلار بىزنىڭ تېخنىكىمىزنى ئوغۇرلاۋاتىدۇ، كېچە - كۈندۈز كومپيۇتېرلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ ماتېرىياللىرىمىزنى ۋە پۇقرالىرىمىزنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى ئوغۇرلاۋاتىدۇ. ئۇلار ھەر تەرەپتىن بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ قالتىس ئىشى خىتاينىڭ ھەقىقىي تەھدىت ئىكەنلىكىنى بىزگە تونۇتقانلىقىدۇر، شۇڭا ھازىر بىزدە خىتايغا قارشى بۆرىكۆت سىياسەتچىلەر مەيدانغا كەلدى. ئامېرىكادا 119 مىڭدىن ئارتۇق ئىنسان ئۆلدى، خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋىرۇس تارقىتىش ئارقىلىق بىزنىڭ ئىقتىسادىمىزنى ئۆلتۈرۈپلا قالماي يەنە بىزنىڭ خەلقىمىزنىمۇ ئۆلتۈردى.»

ناۋارو يەنە خىتايغا بۇ ھەقتە ئامېرىكانىڭ ۋىرۇسنىڭ قانداق تارقالغانلىقىنى ۋە ئامېرىكاغا قانداق زىيان ئېلىپ كەلگەنلىكىنى تەپسىلىي ھېسابلاپ چىقىپ، قانچە پۇل بولسا خىتايغا بۇ زىياننى تۆلىتىش لازىملىقىنى سۆزلىگەن. [5]

■ ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ يەنە خىتاينىڭ خەلقئارالىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى «SMIC» ۋە درون ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى « SZ DJI » نى ئۆز ئىچىگە ئالغان 60 شىركىتىنى جازالاش تىزىملىكىگە قوشۇشى بىلەن خوڭكوڭ پاي- چېك بازىرىدا چوڭ ھەجىملىك چۈشۈش كۆرۈلگەن. ترامپ جۇمە كۈنى چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى

[5]fox News, “Navarro on US-China tensions: They are ‘increasingly a mortal enemy’”, FOX NEWS,20.12.2020 https://news.yahoo.com/navarro-us-china-tensions-increasingly-140358227.html

سۈرۈشتۈرۈش قانۇن لاھىيەسى ( Holding Foreign Companies Accountable Act)گە ئىمزا قويغان بولۇپ، بۇ قانۇن ئامېرىكادىكى خىتاي شىركەتلىرىنى نىشان ئالغان. بۇ قانۇنغا بويىچە بولغاندا، ئەگەر چەتئەل شىركەتلىرى 3 يىلغىچە ئامېرىكانىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا رىئايە قىلمىسا، ئامېرىكانىڭ پايچەك بازىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. ئانالىزچىلارنىڭ قارىشىچە، مەزكۇر لاھىيەنىڭ خىتاينىڭ شىركەتلىرىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى بۇ لاھىيەنىڭ قانداق ئىجرا قىلىنىشىغا باغلىق ئىكەن. بۇ لاھىيە « SMIC » شىركىتىنى نىشان قىلغان بولۇپ، شۇڭا ئومۇمىي تەسىر دائىرىسى چەكلىك بولىدىكەن. يەنە كېلىپ بايدىنىنىڭ تېخىمۇ كۆپ چەكلەش ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئېھتىماللىقى ئاز ئىكەن. [6]

DW نىڭ 16 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ترامپ ھۆكۈمىتى خىتايدىن كېلىدىغان مەھسۇلاتلارغا قارىتا تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن 11 ـ ئايدا خىتاي پۈتۈن ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ تەخمىنەن 68% ى ئامېرىكىغا بولغان. يەنى، 11 ـ ئايدا خىتاينىڭ ئېكسپورت ھەجمى 75.43 مىليارد دوللار بولغان بولۇپ، پەقەت ئامېرىكاغىلا ساتقان تاۋارلىرىنىڭ قىممىتى 51.98 مىليارد دوللار بولغان. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ۋىرۇس سەۋەبلىك ئامېرىكادىكى ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ توختاپ قالغانلىقى دەپ قارالغان بولسىمۇ، گېرمانىيە خەلقئارا مەسىلىلەر ۋە بىخەتەرلىك ئىنستىتۇتىدىن (SWP) ئامېرىكا ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى « Laura Von Daniles » بۇ مەسىلىدە ترامپنىڭ تىجارەت ئۇرۇشىنىڭ ئامېرىكا ئۈچۈن بەك پايدىلىق بولدى دەپ قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى، چۈنكى خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ بىر يىلدىن بېرى ئىزچىل ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا

[6]Ouyang Eris, “Hong Kong stocks fall most in two weeks as US expands China blacklist, Covid-19 crisis deepens”, South China Morning Post,21.12.2020 https://www.scmp.com/business/markets/article/3114745/hong-kong-stocks-suffer-worsening-us-china-ties-blacklist-grows

بايدىن كەلگەندە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كارخانىلارغا تولۇقلىما بېرىش، بىلىم مۈلۈك ۋە پاتېنت ئوغۇرلىقى قىلىش ۋە باشقا جەھەتلەردە خىتايغا قارشى تۇرۇش بىلەن بىرگە تىجارەت مۇناسىۋىتىنى ئوڭشاش ئېھتىماللىقىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.[7]

خىتاينىڭ سابىق تاشقى مەسىلىلەر مۇئاۋىن مىنىستىرى فۇيىڭ ۋە «Brookings» ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى جون ئەللىن (John Allen) ئامېرىكا ۋە خىتاي ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكتە سۈنئىي ئەقىل ئىقتىدارىغا ئىگە قورال‌لار رىقابىتىنىڭ (AI Arms Race ) يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. جون ئەللىن دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلىپ بارغان يادرو قورال‌لار رىقابىتىگە ئوخشاش يەنە بىر ۋەزىيەت بىلەن يۈزلىشىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى شۇڭا يېڭى تىپتىكى ئىستراتېگىيەلىك قورال‌لار رىقابىتىنىڭ يەنە ئەۋج ئېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپنىڭ سۈنئىي ئىقتىدارلىق قوراللار ساھەسىدە قائىدە ۋە نىزاملارنى بېكىتىپ چىقىشىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن. فۇ يىڭ يەنە ئىككى تەرەپنىڭ خەلقئارالىق سۈنئىي ئىقتىدارلىق قوراللارنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشى لازىم، دېگەن.

بۇ خەۋەردە يەنە مايۇننىڭ 2019ـ يىلىدىكى خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرىدە بۇ ھەقتە سۆزلىگەن نۇتقىمۇ ئۆزۈندە قىلىنغان بولۇپ، مايۇن 1ـ قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ 1ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى ، 2ـ قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ بولسا 2ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ۋە ھازىر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ 3ـ قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەن. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن:«مەن

[7]DW NEWS, “US-China trade deficit skyrockets”, DW,16.12.2020 https://www.youtube.com/watch?v=dBB3IVuUho4

*پەن- تېخنىكىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. پەن- تېخنىكا شىركەتلىرى ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىگى ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىشى لازىم.* »[8]

## بۇ ھەپتىلىك تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە مۇلاھىزە

بۇ ھەپتىدىكى مۇھىم خەۋەرلەرنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1. خىتاينىڭ يەنە 60 ئەتراپىدىكى كارخانىسىنىڭ جازا تىزىملىكىگە ئېلىنىشى
2. خىتاينىڭ «ساھىبجامال ھىيلىسى» نىڭ ئاشكارا بولۇشى
3. ئامېرىكا - خىتاي ئوتتۇرىسىدا سۈنئىي ئەقىل ئىقتىدارىغا ئىگە قوراللارنى باشقۇرۇش كېلىشىمىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە بېرىلگەن تەكلىپ
4. يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا قانداق سىياسەت قوللىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى كەڭ دائىرىلىك مۇلاھىزىلەر

ترامپ ھۆكۈمىتىنى كىشلەرنىڭ خاتىرىسىدىن (مەڭگۈ) ساقلاپ قالىدىغان ئىشى ئۇلارنىڭ خىتاينىڭ ئامېرىكاغا ۋە ئەركىن دۇنياغا ئەڭ چوڭ تەھدىت ئىكەنلىكىنى تونۇتقانلىقىدىن ئىبارەت. بۇرۇنقى ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرى بۇ مەسىلىنى بىز بىلمەيدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىققان بولۇپ، نەتىجىدە خىتاي نۇرغۇن دۆلەتلەردە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ماڭغان ئىدى. سودىدا ترامپنىڭ چىشىغا تېگىشى ۋە ۋۇخەن ۋىرۇسى

[8]Zhang Sarah, “ China-US relations: work together to prevent an AI arms race, experts say”, South China Morning Post, 20.12.2020 https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3114704/china-us-relations-work-together-prevent-ai-arms-race-experts

سەۋەبلىك ترامپ خىتايغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتتى ۋە پۈتۈن ساھەلەر بويىچە خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى ئىمكانقەدەر دۇنياغا تونۇتتى. بۇ پۈتۈن غەرب دۇنياسى ۋە ئەركىن ئەللەر ئۈچۈن ۋاقتىدا بېرىلگەن سىگنال بولدى. خۇاۋېينىڭ يەر شارى مىقياسىدا چەكلەشكە ئۇچرىشى ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ ئىستراتېگىيەلىك پىلانلىرىدىن بىرىگە ئۇرۇلغان قاتتىق زەربىدۇر. يەنە باشقا پەن - تېخنىكا شىركەتلىرىگە مال سېتىشىنى چەكلىشى ۋە پاي چېك بازىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى يەنە بىر چوڭ زەربە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ پەقەت ئويۇننىڭ باشلىنىشى بولۇپ، كىمنىڭ غەلبە قىلىشى بايدىن ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھوشيارلىقى ۋە تاشقى سىياسەتتىكى ماھارىتىگە باغلىق.

بۇنىڭدىن باشقا تاشقى سىياسەت ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان خىتاينىڭ دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ «يىلتىزىنى قانداق يەپ مېڭىۋاتقانلىقى» ھەققىدىكى ماقالە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. خۇددى داڭلىق گېئو-ئىستراتېگىيەچى روبېرت قاپلان ئېيتقاندەك، دېموكراتىك سىستېمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى دەل بۇ سىستېمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقىدۇر، يەنى ئىنساننىڭ قەدىر قىممىتىنىڭ ئۈستۈنلىكى ۋە تەنقىد قىلىش، ئۆزىنى ئىپادىلەش، يىغىلىش ،جامائەت پىكرى ھاسىل قىلىش قاتارلىق ئەركىنلىكلىرىدۇر. بۇ بىر دۆلەتنىڭ تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە شۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالىرىنىڭ ئامىتى بولغان بولسا، دۈشمەن دۆلەت ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئاجىزلىقتۇر. خىتاي بۇنىڭدىن ناھايىتى ياخشى پايدىلانغان بىر دۆلەتتۇر. مەسىلەن، چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىتايدا ھېچقانداق سىياسىي پائالىيەت قىلىش ئەركىنلىكىنىڭ بولماسلىقى لېكىن خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ بولسا چەتئەللەردە ئىنسان ھەقلىرى باھانىسى بىلەن سىياسەتنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرىشى نۇرغۇن مىساللاردىن بىرىدۇر. لېكىن مەسىلىنىڭ تولىمۇ غەلىتە ۋە

چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر تەرىپى بولسا ھازىرغىچە غەرب دۇنياسىنىڭ خىتاينىڭ بۇ قىلمىشىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئوچۇق - ئاشكارا تەنقىد قىلماسلىقى ياكى جازا تەدبىرى قوللانماسلىقىدۇر. ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ دېموكراتىك دۇنيانى ئويغىتىشى بىلەن بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن خىتاينىڭ بۇ خىل مەنتىقسىز ۋە زوراۋان قىلمىشىغا قارىتا تەدبىر قوللىنىلىشى مۇمكىن.

غەرب ئەللىرىدىكى، بولۇپمۇ ئامېرىكادىكى يەنە بىر مۇھىم ئۆلگىرىلەش بولسا، خىتاينىڭ ساھىپجامال ھىيلىسىنىڭ پاش بولۇشى ۋە بۇنىڭ دەرىجىسىنىڭ نە قەدەر چوڭقۇر ۋە يامان نىيەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ ئاشكارا بولۇشىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەنگلىيە جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە نەقەدەر كەڭ دائىرىدە سىڭىپ كىرگەنلىكىنىڭ پاش بولۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىشپىيونلۇق قىلمىشلىرىنىڭ پاش بولۇشقا باشلىغانلىقىنى ۋە دېموكراتىك ئەللەرنىڭ ئەمدى ئويغىنىشقا قاراپ ماڭىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي تەرەپتىنمۇ بىرلىرىنىڭ سۇئىئي ئەقىل ئىقتىدارىغا ئىگە قوراللارنى چەكلەشنى تەشەببۇس قىلىشى ناھايىتى غەلىتە بىر مەسىلىدۇر. بۇ كىشى ئۆزى شۇنداق قارامدۇ ياكى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن گەپ قىلىۋاتامدۇ؟ ئەگەر خىتايغا ۋەكىللىك قىلسا خىتاي كوممۇنىستىك ھۆكۈمىتىگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ بۇ ناھايىتى زىل مەسىلىدۇر. خىتاينىڭ ئاغزىدا بىر خىل گەپ قىلىپ ئەمەلىيەتتە باشقا خىل ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئامېرىكا بىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرىدۇ؟

مەسىلەن، مايون بۇلتۇر دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرىدە ( The world Economic Form) پەن- تېخنىكىنىڭ ئىنسانلارغا بەخت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ۋە بۇ خىل شىركەتلەرنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىشى كېرەكلىكىنى

سۆزلىدى. لېكىن، ئۇ ئۇيغۇرلارنى تونۇش سىستېمىسىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىنى قوللاپ، ئالىي بابا ئارقىلىق ئوچۇق ئاشكارا ھالدا ئىنسانىيەتكە يات بولغان بۇ تېخنىكىنىڭ مۇلازىمىتىنى تەمىنلىدى. دېمەك خىتايدا دۆلەت تۈزۈمى ئۆزگەرمىگىچە بۇ يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىقلار ئۆزگەرمەيدۇ.

## تەۋسىيە ۋە پىكىرلەر

1. ھەرخىل قاناللار ۋە دىپلوماتىك ئۇسۇللار بىلەن ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلەر تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىش لازىم.
2. كۈرەش يولىدا ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت نىشاندىن ئادىشىپ كەتمەسلىك ۋە بۇ نىشاننى پۈتۈن ھەركەت ۋە ئىستراتېگىيەنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىش. مەسىلىلەرگە ھېسسىياتچانلىق بىلەن ئەمەس سىياسىي ئەقىل بىلەن قاراش كېرەك.
3. ھەر قايسى تەشكىلاتلار ئىجتىمائىي مېدىيا پائالىيىتىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئىجتىمائىي مېدىيانىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى ھەققىدە تەربىيە ئېلىش. بۇ ھەقتە نېمە ئۈچۈن يېقىندا چىققان ياشلارنىڭ، ھەتتا شەخسلەرنىڭ دەۋادىكى تۆھپىسىنىڭ نەچچە يىللىق تەشكىلاتلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە سەممىي شەكىلدە ئويلاپ بېقىش.

# خىتاي بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى
## (20.12.2020 —13.12.2020)
### نىجات تۇرغۇن

■ 1. Merics ئاقىللار ئامبىرىنىڭ تەتقىقاتچىسى Roderick Keffeputz مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: ياۋروپا ئىتتىپاقى شىمالى قۇتۇپ ئىستراتېگىيەسىنى يېڭىلىغاندا بۇ رايوندىكى يېڭى سىياسى كۈچ - خىتايغا دىققەت قىلىشى لازىم. خىتاي ئىقتىسادى ۋە پەن - تېخنىكا كۈچى ئارقىلىق شىمالى قۇتۇپتىكى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان بولۇپ، خىتاي بۇ ھەمكارلىقلىرى ئاساسىدا شىمالى قۇتۇپقا ئىچكىرىلەپ كىرىۋاتىدۇ.

خىتاينىڭ ئۆزىگە «شىمالى قۇتۇپقا يېقىن دۆلەت» دەپ تەبىر بېرىپ، بۇ رايونغا سىڭىپ كىرىشى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل سەۋەب تۈپەيلىدىن ئىكەن: 1. خىتاينىڭ شىمالى قۇتۇپ سىياسىتى ئەمەلىيەتتە جۇغراپىيەلىك سىياسەت (Geopolitical) بولۇپ، كونسىپرى ئېرىۋاتقان شىمالى قۇتۇپ خىتاي ئۈچۈن يېڭى بىر دېڭىز يولىنى ئاچىدۇ. 2. شىمالى قۇتۇپتىكى مول تەبىئى بايلىقلار. 3. شىمالى قۇتۇپ خىتاينىڭ يادرو ئاجىز نۇقتىسى بولۇپ، ئامېرىكا خىتايغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بەرمەكچى بولسا دەل بۇ رايوندىن توشۇيدۇ. شىمالى قۇتۇپتىكى سۇ ئاستى پاراخوتلىرى خىتاينىڭ يادرو مۇداپىيەسىدۇر.[9]

## مۇلاھىزە:

---

[9]Roderick Kefferpütz."The Arctic: Enter the Dragon".MercatorInstituteForChinaStudies. 16.12.20. https://merics.org/en/opinion/arctic-enter-dragon

ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە شىمالىي قۇتۇپ دۇنيانىڭ بايقالمىغان خام نېفىت زاپىسىنىڭ 13%ى، تەبىئىي گاز زاپىسىنىڭ 30%ىگە ئىگە[10] ۋە تىجارەت قاتناش يوللىرىنىڭ راۋانلىشىشى بىلەن دۇنيا تىجارىتى ۋە سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر مۇھىم رايون بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، تىجارەت، ھەربىي ۋە ئېنېرگىيە قاتارلىق جەھەتلەردىن خىتايغا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. خىتاي شىمالىي قۇتۇپتىكى تەسىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بارلىق شىمالىي قۇتۇپ دۆلەتلىرى بىلەن ئوخشىمىغان شەكىلدە ھەمكارلىشىۋاتقان بولۇپ، ئەڭ كۆپ ھەمكارلىقنى رۇسىيە بىلەن ئېلىپ بارماقتا. ئەگەردە خىتاي شىمالىي قۇتۇپ سىياسىتىدە غەلىبە قازانسا، خىتاينىڭ دۇنياغا يېتەكچى بولۇش نىشانىغا يېتىشى ئاسانلىشىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنداق بىر ھالەتنى ھېچبىر شىمالىي قۇتۇپ دۆلىتى، بولۇپمۇ ئامېرىكا خالىمايدۇ. بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ رايوندىكى رىقابەت ئالدىمىزدىكى يىللاردا يەنە داۋاملىق قىلىشى ۋە تېخىمۇ كەسكىنلىشىشى مۇمكىن.

■ 1.2. ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزىۋاتقان سىياسىتى توغرۇلۇق قارارنامە ماقۇللىغان. قارارنامىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىتىنى ئەيىپلەش بىلەن بىرگە، ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەر ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار ۋە خەۋپسىزلىك سىياسىتى بىرلەشمىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىللىرىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلىرى ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنى جازالاش تەلەپ قىلىنغان، ئەمما خىتاينىڭ سىياسىتى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېيىلمىگەن[11].

[10]Jane Nakano and William Li. ''China Launches the Polar Silk Road"The Center for Strategic and International Studies. 02.02.18. https://www.csis.org/analysis/china-launches-polar-silk-road

[11]Stuart Lau.''European Parliament resolution would seek sanctions on Chinese officials in Xinjiang". SouthChinaMorningPost. 17.12.20 .https://www.scmp.com/news/china/article/3114255/european-parliament-resolution-would-seek-sanctions-chinese-officials

2.2. خىتاي ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن تىجارەت كېلىشىمى تۈزۈشكە تىرىشماقتا. خىتاي ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن ياۋروپا شىركەتلىرىگە خىتاينىڭ ئىچكى بازىرىدىكى مەبلەغ سېلىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۆي-مۈلۈك قاتارلىق بەزى ساھەلىرىنى ئېچىۋېتىش، ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ يېڭىلىغىلى بولىدىغان ئېنېرگىيە ساھەسىگە مەبلەغ سېلىشىغا يول قويۇش دېگەن نۇقتىلاردا بىرلىككە كەلگەن[12]. بۇ كېلىشىمنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى تېخى چىقمىغان بولۇپ، فىرانسىيە ۋە گېرمانىيە ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى بۇ كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشىغا ناھايىتى قىزغىن ئىكەن[13]. خىتايمۇ بۇ كېلىشىمنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادى ۋە تىجارەت ھەمكارلىقىنىڭ مۇقىملىشىشى ۋە تەرەققى قىلىشى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئىقتىسادىغىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكى، يەرشارى خاراكتېرلىك مەبلەغ سېلىشنىڭ جانلىنىشقا پايدىسى تېگىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[14].

## مۇلاھىزە:

ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزىۋاتقان سىياسىتى توغرىسىدىكى بۇ قارارنامىسى ئالدىنقى يىلدىكى قارارنامىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ تەپسىلىي ۋە كۈچلۈك بولۇپ، بۇنىڭدا خىتاينىڭ مۇناسىۋەتلىك دۆلەت خادىملىرى ۋە ئورگانلىرىغا جازا يۈرگۈزۈش قارارىمۇ بار. ئەمما بۇ جازا يۈرگۈزۈشنىڭ قاچان ئەمەلىيلىشىدىغانلىقى نائېنىق بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقى ۋە ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى تەسىرى ۋە ھازىر مۇزاكىرىدە بولىۋاتقان ياۋروپا - خىتاي تىجارەت كېلىشىمنامىسى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇ مەسىلە

[12]Stuart Lau. ''EU agrees 'in principle' to an investment agreement with China".South-ChinaMorningPost.18.12.20 .https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3114414/eu-agrees-principle-investment-agreement-china

[13]A group of EU-China Experts. ''EU should not rush investment deal with China". Euobserver.18.12.20. https://euobserver.com/opinion/150432

[14]Global Times interview with Cui Hongjian. ''China-EU investment treaty breakthrough win-win for global cooperation". GlobalTimes.19.12.20. https://www.globaltimes.cn/content/1210391.shtml

ئۈستىدە ئورتاق بىر قارارغا كېلىشكە توسالغۇ بولۇشى مۇمكىن. گەرچە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتايغا بولغان قارىشى ۋە پوزىتسىيەنىڭ ئۆزگىرىشى كۆرۈنەرلىك بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ ياۋروپانىڭ ئىككىنچى چوڭ تىجارەت شېرىكى ئىكەنلىكى ۋە COVID-19 سەۋەبىدىن ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇشقا ئېھتىياج كۆرۈلىۋاتقان بۇ مەزگىلدە، خىتايغا جازا يۈرگۈزۈش مۇمكىنچىلىكى تۆۋەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ داۋاملىق تۈردە تۇرغۇنلۇقنى ساقلىغان ھالدا خىتاينى تەنقىت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئېھتىمالى بار.

ياۋروپا بىلەن خىتاينىڭ تىجارەت كېلىشىمىدە بىرلىككە كەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر چىققاندىن كېيىن، ياۋروپادىكى كۆپلىگەن خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى ۋە سىياسەتچىلەر ياۋروپا ئىتتىپاقىنى ئەيىبلەپ، بۇ ئالدىراقسانلىق ئىچىدە ئىمزالانغان كېلىشىمنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۈچۈن زىيانلىق ئىكەنلىكى، كېلىشىمدە خىتاينىڭ بەرگەن ۋەدىسىنىڭ مەۋھۇم ئىكەنلىكى، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدىن تەلەپ قىلىۋاتقان ئۆز بازىرىنى ئېچىشنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە خىتاينىڭ ئىشچىلار ھەققىنى تونۇشى قاتارلىق كىرىتىك نۇقتىلارنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇندىن سىرت ئەگەردە بۇ كېلىشىم ئىمزالانغان ئەھۋالدا ياۋروپا بىلەن ئامېرىكانىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن ۋە كېلىشىمنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكا بىلەن ئورتاق خىتاي سىياسىتى ئېلىپ بېرىشتا دادىل قەدەم بېسىشىغا توسالغۇ بولۇش ئېھتىماللىقىمۇ بار.

■ 3. ھىندىستان ھۆكۈمىتى خەۋپسىزلىك سەۋەبىدىن دۆلىتىدىكى تېلېگراف شىركەتلىرى ئىشلىتىدىغان ئۈسكۈنىلەرگە گۇۋاھنامە بېرىشنى قارار قىلغان بولۇپ، بۇ گۇۋاھنامە كەلگۈسىدە خىتاي تېلېگراف شىركەتلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشنى ئۈنۈملۈك چەكلەشكە شارائىت ھازىرلايدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 5G قۇرۇلۇشىنىڭ ئىنتېرنېت سىملىرىمۇ بار ئىكەن. ھىندىستان ئۇچۇر - ئالاقە

ۋە تېخنولوگىيە مىنىستىرى Ravi Shankar Prasad نىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ قارار ھىندىستان دۆلەتلىك خەۋپسىزلىك كومىتېتى تەرىپىدىن ھىندىستاننىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى ئويلىغان ھالدا چىقىرىلغان[15].

## مۇلاھىزە:

ھىندىستاننىڭ بۇ قارارنىڭ خىتاي - ھىندىستان چېگراسىدىكى ھەربىي توقۇنۇش سەۋەبىدىن ناچارلاشقان مۇناسىۋەتنىڭ تەسىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز، چۈنكى ئالدىنقى ئايلاردا ھىندىستان خىتاينىڭ يانفون ئەپلىرىدىن 60 ئەتراپىدىكى ئەپنى ئىشلىتىشنى چەكلىگەن ۋە بۇنىڭ سەۋەبىدىن خىتاي ئەپ شىركەتلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرىنى مۇھىم ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگەنلىك ئېھتىماللىقى بار ئىدى[16]. 2017-يىلىمۇ ئىككى تەرەپ چېگرا توقۇنۇشىدىن كېيىن، ھىندىستان ئارمىيەسى خىتاينىڭ يانفون ئەپلىرىدىن 42 ئەپنى ھىندىستان بازىرىدىن چىقىرىۋەتكەن ئىدى[17]. ئىككى تەرەپنىڭ چېگراسىدا يۈز بەرگەن ھەربىي توقۇنۇشنىڭ نەتىجىسىدە، ھىندىستان تۆۋەندىكى مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن بۇ قارارلارنى چىقارغان بولۇشى مۇمكىن:

1. تېخنولوگىيە جەھەتتىن خىتاينىڭ ھىندىستاندىكى تەسىرىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى خىتايغا بولغان بېقىنىشنى ئازايتىش؛
2. خىتاينىڭ ھىندىستاندىكى تېخنولوگىيە ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ئىقتىسادى مەنپەئەتىنى ئازايتىش.

[15]Abhijnan Rej.''India Inches Forward to Block Chinese Telecom Equipment". TheDiplomat. 17.12.20. https://thediplomat.com/2020/12/india-inches-forward-to-block-chinese-telecom-equipment/

[16]Maria Abi-Habib. ''India Bans Nearly 60 Chinese Apps, Including TikTok and WeChat". NewyorkTimes. 30.06.20. https://www.nytimes.com/2020/06/29/world/asia/tik-tok-banned-india-china.html

[17]Manu Pubby. ''Indian troops on China border told to format smartphones, delete 42 apps". ThePrint. 28.11.17 https://theprint.in/defence/troops-told-to-format-smartphones-delete-42-apps-after-chinese-spyware-threat/19042/

3. ھىندىستاننىڭ 5G گە ئوخشاش ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە قۇرۇلۇشىنى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئىگەللەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھىندىستان Quad تىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشى مۇمكىن.

## ■ 4. خىتاي - رۇسىيە

1.4. رۇسىيە پرېزىدېنتى پۇتىن يىللىق مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ نۇرغۇن ئورتاق مەنپەئەتى بار دېدى[18].

2.4. رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، رۇسىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى «ھۆكۈمەتلەر ئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئالەم راكېتاسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئۇقتۇرۇش» توغرىسىدىكى كېلىشىمنىڭ مۇددىتى يەنە 10يىل ئۇزارتىلغان. كېلىشىمنىڭ مەقسىتى خاتا چۈشىنىش ۋە كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئالەم راكېتاسى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا ئۆز - ئارا ئۇقتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىش[19].

3.4. خۇاۋېينىڭ رۇسىيە - خىتاي تېخنولوگىيەلىك ئورتاقلىقىدىكى رولى. خۇاۋېي نۆۋەتتىكى رۇسىيە - خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدىن ياخشى مەنپەئەتلىنىۋاتقان بولۇپ، يەنە بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ تېخنولوگىيە ساھەسىدىكى ھەمكارلىقىغا

[18]Xinhua.”Russia has mutual interests with China in many fields”. Xinhuanet. 17.12.20. http://www.xinhuanet.com/english/2020-12/17/c_139598078_2.htm
[19]Tass.‘’Russia-China deal on notifying of missile launches shows mutual trust, Moscow says”. TassRussiaNewsAgency. 15.12.20. https://tass.com/politics/1235205

تۆھپە قوشۇۋېتىپتۇ. بۇ ھەمكارلىقلار ئىككى تەرەپلىك پەن - تېخنىكا، تەتقىقات ۋە يېڭى تەرەققىيات قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. خۇاۋېينىڭ رولى ھەر ئىككى تەرەپ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرىشىگە ئېرىشكەن بولۇپ، رۇسىيە خۇاۋېينىڭ تەربىيەلەش پروگراممىسى ۋە يەرلىك تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق تۈرلىرىنى قارشى ئالىدىغانلىقى ۋە بەزى تېخنولوگىيەسىنى سېتىۋېلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە ئىكەن. خىتاي تەرەپ خۇاۋېينىڭ پەن - تېخنىكا ۋە تەتقىقات ساھەسىگە يەتكۈزىدىغان پايدىسى ۋە رۇسىيەنىڭ 5G قۇرۇلۇشىدىكى تىرىشچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇندىن باشقا يەنە خۇاۋېينىڭ رۇسىيەنىڭ دىجىتال مۇستەبىت ھاكىميەت سىستېمىسى قۇرۇشىغا ياردەمدە بولۇۋاتقانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە ئىكەن[20].

## مۇلاھىزە:

رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتى كۆپ تەرەپلىمىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ بەزى ساھەلەردىكى ئۆز - ئارا بىرىگە بولغان ئېھتىياجى ۋە ئورتاق مەنپەئەتدار بولۇشى بۇ ئىككى دۆلەتنى بارغانسېرى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرماقتا ۋە ھەمكارلىقنى چىڭىتماقتا. بۇ ھەمكارلىق پەقەت ساھەلەردىلا چەكلەنمەستىن، شىمالى قۇتۇپ، ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق ۋە باشقا رايونلاردىمۇ بولۇۋاتىدۇ. ئۇندىن باشقا ئامېرىكا - خىتاي رىقابىتى ۋە غەربنىڭ رۇسىيەگە ئىزچىل داۋام قىلىۋاتقان ئىمبارگوسىمۇ بۇلارغا ئورتاق قارشى تۇرىدىغان ھەمكارلىقنى چىڭىتىۋېتىپتۇ. ئەجەپلىنەرلىك يېرى شۇكى، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ شۇنچە يېقىن بولۇشىغا قارىماي، ھازىرغىچە ھەربى ئىتتىپاقداشلىق تۈزۈلمىگەن. ئەمما پۇتىن بىر نەچچە ھەپتە بۇرۇن بۇنداق بىر ھەربىي ئىتتىپاقنىڭ تۈزۈلمەسلىكىنىڭ مۇمكىن

[20]Guest Blogger for Net Politics, ‘’ Huawei’s Role in the China-Russia Technological Partnership”.TheCouncilonForeignRelation. 16.12.20. https://www.cfr.org/blog/huaweis-role-china-russia-technological-partnership

ئەمەسلىكنى بىلدۈرگەن. رۇسىيەنىڭ ئۇزۇن يىللىق ھەربى ئىشلار تەجرىبىسى بولغان دىپلوماتىيە مۇتەخەسسىسى Dmitri Trenin نىڭ بىلدۈرۈشىچە، گەرچە پۇتىننىڭ دېگىنىدەك، بۇنداق بىر ھەربىي ئىتتىپاق بولمىسىمۇ، ئەمما بولۇش ئېھتىماللىقىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئامېرىكىغا بىر سىگنال بەرگەن[21]. خىتايمۇ رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈۋېتىپتۇ ۋە تەرەققى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىۋېتىپتۇ.

## تەۋسىيەلەر:

1. شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خىتاينىڭ شىمالى قۇتۇپ سىياسىتىگە دىققەت قىلىشى، شىمالى قۇتۇپ دۆلەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئېلىپ بارغاندا خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى ۋە شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاينىڭ غەربىدە بۇنىڭ قۇربانى بولىۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاينىڭ شىمالى قۇتۇپتىمۇ بىر سىياسى، ئىقتىسادى ۋە تىجارى تەسىر كۈچىنى چوڭايتىپ، كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم.

2. شەرقى تۈركىستان توغرۇلۇق بىر قارارنامە چىققان ۋە خىتاي - ياۋروپا ئىتتىپاقى تىجارەت كېلىشىمى تۈزۈۋاتقان بىر پەيتتە، شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ يالغۇز شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەسىلىسى ئىكەنلىكى ۋە بۇ مەسىلە ھەل قىلىنمىغاندا، خەلقئارانىڭ غەربنى ئاساس قىلىپ قۇرغان ئۇنىۋېرسال قىممەت قاراش ۋە خەلقئارا سىستېمىنىڭ فۇنكسىيەسىگە ۋە خەلقئارا تەرتىپكە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇ مەسىلىنىڭ رايون ۋە دۇنيا خاراكتېرلىك تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم.

---

[21]Yohei Ishikawa. ‘’Putin›s real intention in talking up a Russia-China alliance”. NikkeiAsia.17.12.20. https://asia.nikkei.com/Politics/International-relations/Putin-s-real-intention-in-talking-up-a-Russia-China-alliance

3. ھىندىستان بىلەن خىتاي مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ياخشى كۆزىتىش ۋە ھىندىستاندا شەرقى تۈركىستان دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى بەرپا قىلىش لازىم. يەنە مەسىلىنى ھىندىستان خەلقى، ھىندىستان سىياسى قاتلىمى ۋە ھىندىستان ئاكادېمىك دۇنياسىدىن ئىبارەت ئۈچ لىنىيە بويىچە تونۇتۇش زۆرۈر.

4. رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق كۆزىتىش ۋە شەرقى تۈركىستان دۆلىتىنى رۇس تىللىق مەتبۇئاتلاردا ئاڭلىتىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش لازىم.

# خىتاي ئىچكى ۋەزىيىتى
# (20.12.2020 —13.12.2020)
## مەمەتئېلى مەمەتئىمىن

■ 1.ئەلى بابا، يۆۋېن، فىلك چاۋ قاتارلىق شىركەتلەرگە 500مىڭ سوم جەرىمانە قويۇلدى

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى خىتاي دۆلەتلىك بازار نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئىدارىسى«مونوپولغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» غا ئاساسەن ئەلى بابا، يۆۋېن ، فېڭچاۋ قاتارلىق شىركەتلەرگە 500مىڭ سوم جەرىمانە قويۇلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، بۇ ئۈچ شىركەت بەزى كارخانىلارنىڭ پېيىنى سېتىۋالغان ئەمما بۇنى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ تەستىقىغا سۇنمىغان، مونوپولغا قارشى تۇرۇش قانۇنىنىڭ 48 - ۋە 49 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ، ئەلى بابا، يۆۋېن گۇرۇھى ۋە شېنجېن فېڭچاۋ تورى تېخنىكا چەكلىك شىركىتىگە ئايرىم ئايرىم مەمۇرىي جازا ئۈچۈن 500 مىڭ سوم جەرىمانە قويۇلغان[22].

## مۇلاھىزە:

11 - ئاينىڭ بېشىدا مايۇننىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى مايى گۇرۇھىنىڭ شاڭخەيدە بازارغا كىرىشى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن توختىتىلغان

[22]<市场监管总局依法对阿里巴巴投资收购银泰商业股权、阅文集团收购新丽传媒股权、丰巢网络收购中邮智递股权等三起未依法申报违法实施经营者集中案作出行政处罚决定>、 市场监管总局、 2020年12月14日、 http://www.samr.gov.cn/xw/zj/202012/t20201214_324335.html

ئىدى. بۇ قېتىم ئەلى بابا گۇرۇھىغا جەرىمانە قويۇلدى. بۇ بەلكى ئەلى بابانى جازالاش ئارقىلىق باشقا خىتاي تېخنىكا شىركەتلىرىنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشنىڭ سىگنالى بولۇشى مۇمكىن.ئەلى بابا، خۇۋېي،تىڭشۈن قاتارلىق خىتاي تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار ۋە نازارەت ئاستىدا بولسىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ شەخسىي شىركەتلەرنىڭ زىيادە چوڭىيىپ كوممۇنىست پارتىيە ئۈچۈن تەھدىت بولۇشىنى خالىمايدۇ. ئىككىنچىدىن خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ئۆتكەن ئايدا چوڭ خانىدانلىقى مەزگىلىدىكى تىجارەتچى جاڭ جىيەننى ئۈرنەك ئېلىپ ھازىرقى سودىگەرلەرنى جاڭ جىيەننىڭ »ۋەتەنپەرۋەر»لىكىدىن ئۆگىنىشكە چاقىرغان ئىدى. يەنى خىتاي خۇسۇسىي شىركەتلەرنىڭ ھاكىمىيەتكە سادىق بولۇشىنى تەلەپ قىلماقتا ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. خىتاي يېقىندا پۇل مۇئامىلە كىرىزىسى ھەققىدە ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ ، بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خىتاي ئىقتىسادىي نى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن خۇسۇسىي كارخانىلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلەۋاتىدۇ . ئەلى بابا قاتارلىق خۇسۇسىي كارخانىلارنى جازالاش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنىڭ ئىسلاھاتقا ماسلىشىش كېرەكلىكى ھەققىدە خۇسۇسىي كارخانىلارغا ئالدىن بىر سىگنال بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. خىتاي دۆلەت كارخانىلىرىنى ئالاھىدە يۆلەپ خۇسۇسىي كارخانىلارنى ئالاھىدە نازارەت قىلىدىغانلىقى مەلۇم ئىدى.

■ 2 . خىتاينىڭ «قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشى» يىللىق دوكلاتى ئېلان قىلىندى.

12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خىتاينىڭ«قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشى ـ 2019»يىللىق دوكلاتى ئېلان قىلىندى. 2007 ـ يىلى باشلىغان مەزكۇر دوكلات

12 يىلدىن بىرى ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە[23].

دوكلاتنىڭ تولۇق تېكستى تەخمىنەن 46،000 سۆز بولۇپ كىرىش سۆز، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتى ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتى، سىياسىي ۋە قانۇن ساھەلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ، سوت، تەپتىش، جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە ئەدلىيە باشقۇرۇش ، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ، ئېكولوگىيە، مەدەنىي قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش تەشۋىقاتى، قانۇن تەربىيەسى ۋە قانۇن تەتقىقاتى، خەلقئارالىق پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە خەلقئارا ھەمكارلىق ، خۇلاسە سۆزى ۋە قوشۇمچە ھۆججەتلەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

■ 3. شى جىنپىڭنىڭ « دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا»ناملىق كىتابى نەشر قىلىندى

12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا» ناملىق كىتابى مەركەز ھۆججەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشقا باشلىدى. بۇ كىتابقا شى جىنپىڭنىڭ «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» ھەققىدىكى 54 پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن[24].

[23]金歆、 <《中国法治建设年度报告（2019）》发布>、 人们日报、 2020年12月15日、 第07版、 http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2020-12/15/nw.D110000renmrb_20201215_6-07.htm
[24]<习近平同志《论坚持全面依法治国》出版发行>、 人们日报、 2020年12月16日 第01版、http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2020-12/17/nw.D110000renmrb_20201217_1-01.htm

## مۇلاھىزە:

خىتاي داۋاملىق دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما
بۇ يەردە تەكىتلىۋاتقان قانۇن ياكى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئۇقۇمى
بىلەن غەربنىڭ قانۇن ياكى قانۇننىڭ ئۈستۈنلۈكى ئۇقۇمى بىر-بىرىدىن
روشەن پەرقلىنىدۇ. خىتاينىڭ تارىخى، سىياسىي كۈلتۈرى، دۇنيا، جەمئىيەت،
ئىنسان ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى، مەسىلىنى ئويلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش
ئۇسۇلى قاتارلىقلاردىكى پەرق ۋە سىياسىي سىستېمىسى غەرب بىلەن ناھايىتى
چوڭ پەرقلەنگەچكە، خىتاينىڭ تەكىتلىۋاتقان قانۇن ئۇقۇمى ۋە قانۇننىڭ ئىجرا
قىلىنىشى غەربنى گاڭگىرىتىپ قويىدى. خىتاي تارىختىن بېرى قائىدە تۈزۈم
ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى يۇغۇرۇپ تامامەن
خىتايچە بىر قانۇن ئۇقۇمى ۋە سىياسىي كۈلتۈرى شەكىللەندۈردى. بۇ خىتايچە
تۈزۈم دۆلەتنى ئەمەس بەلكى ھاكىمىيەتنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى
ۋە ھاكىمىيەتنىڭ تەقدىرى، مەۋجۇت ھاكىمىيەتنىڭ بېشىدىكى ئادەمنىڭ
مەنپەئەتى ۋە خاھىشى بويىچە ئۆزگىرىپ تۇراتتى. خىتاي كوممۇنىست پارتىسى
ھاكىمىيەتكە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئەسلىدە ئەنئەنىۋى خىتايچە سىياسىي
كۈلتۈرنى داۋام قىلدى. غەربچە قانۇن، قانۇننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئۈستۈنلۈكى
دېگەندەك ئۇقۇملار خىتايغا كىرگەن بولسىمۇ خىتاي بۇ ئۇقۇملارنى ئېلىپ
ئىچىنى خىتايچە قائىدە- تۈزۈم، خىتايچە سىياسىي كۈلتۈر بىلەن تولدۇردى.
بۇ سەۋەبتىن خىتاينىڭ نۇرغۇن قانۇنلىرى شەكىل جەھەتتىن خەلقئارادىكى
قانۇنلارغا ئوخشىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەزمۇنى، ماھىيىتى ۋە ئىجرا ئۇسۇلى
تامامەن پەرقلىنىدۇ.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان،تىبەت، خوڭكوڭ قاتارلىق جايلاردىكى
سىياسەتلىرى خەلقئارادا نۇرغۇن تەنقىدكە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ شەرقىي

تۈركىستاندا جازا لاگېرى قۇرۇشى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك قاتارلىق سىياسەتلىرى، خوڭكوڭدىكى نامايىشلارنى باستۇرۇشى قاتارلىقلار خەلقئارا جەمئىيەتتە نۇرغۇن نارازىلىقلارغا دۇچ كەلدى. خىتاي بۇ دۆلەت تېررورىزمى ۋە ئىشغالىنى «قانۇن» بىلەن پەردازلاش ئۈچۈن بەزى دۆلەت ياكى رايون خاراكتېرلىك قانۇنلار چىقىرىۋاتىدۇ. خىتاينىڭ بۇ ئويۇنلىرىنى ۋە خىتايچە قانۇن ئۇقۇمىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشتە خىتاي تارىخى ۋە كۈلتۈرى، خىتاينىڭ سىياسىي كۈلتۈرى، خىتايچە تەپەككۇر ئۇسۇلى، خىتاينىڭ دۇنيا، جەمئىيەت ۋە ئىنسان چۈشەنچىسى قاتارلىقلارنى بىلىش مۇھىم دېيىشكە بولىدۇ.

■ 4. خىتاينىڭ چاڭ ئې 5 ـ نومۇرلۇق ئالەم قاتناش كېمىسى ئاي شارىدىن قايتىپ كەلدى

12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى خىتاي ۋاقتى سائەت 1:59دا خىتاينىڭ چاڭ ئې 5. نومۇرلۇق ئاي شارىنى تەكشۈرۈش كېمىسى ئاي شارىدىن ئۆرنەك تۇپراق ئېلىپ خىتايغا قايتىپ كەلدى[25]. ئۆتكەن ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خىتاي بۇ ئاي شارى تەكشۈرۈش كېمىسىنى قويۇپ بەرگەن ئىدى. 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاي شارىغا قونغان خىتاي ئالەم قاتناش كېمىسى ئاي شارىدىن تۇپراق ئالغاندىن كېيىن خىتايغا قايتىپ كەلدى. بۇ ئىنسانلارنىڭ تۇنجى قېتىم 21 ـ ئەسىردە ئاي شارىدىن ئەۋرىشكە يىغىشى ھېسابلىنىدىكەن[26]. خىتاي «5 تۇنجى» يارىتالىغىنىنى جاكارلىدى. بۇ «5تۇنجى ھادىسە» مۇنۇلاردىن ئىبارەت: تۇنجى قېتىم يەر شارىدىن باشقا پلانېتتا ئەۋرىشكە ئېلىش ۋە ئوراش؛ تۇنجى قېتىم يەر شارىدىن باشقا پلانېتتا ئالەم قاتناش كېمىسىنى ئوت

[25]<嫦娥五号“挖土”归来！中国探月工程嫦娥五号任务取得圆满成功>、新华网、2020年12月17日、http://www.xinhuanet.com/2020-12/17/c_1126869889.htm
[26]<九天云外揽月回！——探月工程嫦娥五号任务纪实>、新华网、2020年12月17日、http://www.xinhuanet.com/2020-12/17/c_1126873773.htm

ئالدۇرۇپ قوزغىتىش ۋە توغرا شەكىلدە يولغا چىقىش؛ ئاي شارى ئوربىتىسىدا ئۇچقۇچىسىز ئۇچۇرۇش، توختىتىش ۋە ئەۋرىشكە يۆتكەش؛ ئەۋرىشكىنى ئېلىپ ئىككىنچى ئالەم تېزلىكىدە قايتىش؛ خىتاينىڭ تۇنجى ئاي شارى ئەۋرىشكىسىنى ئەكىلىش قاتارلىقلار[27].

## مۇلاھىزە:

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 ـ 70 ـ يىللىرىدا ، ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەت ئۇرۇشى ئالەم بوشلۇقىغىچە كېڭەيدى ، ئىككى دۆلەت ئاي شارى ھەققىدە ئىزدەندى. ھەر بىر غەلىبە ئۆز مۇھىتىدا ئىدىيە ۋە سىياسىي سىستېمىنىڭ غەلىبىسىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ، بۇ ئالەم بوشلۇقى مۇسابىقىسى ئازايدى ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى20 يىل ئىچىدە ئاي ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىدى. 2017 ـ يىلى ئامېرىكا ئارتېمىس پىلانىنى يولغا قويۇپ، 2024 ـ يىلىغىچە ئاي شارىغا قايتا ئۇچقۇچى ئېلىپ چىقىشنى پىلانلاۋاتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، خىتاينىڭ ئالەم بوشلۇقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. «921 تۈر» ۋە ئاي تەكشۈرۈش پىروگراممىسى تەدرىجىي نەتىجىگە ئېرىشتى ، 2007 ـ يىلدىن بۇيان جەمئىي بەش قېتىم ئاي تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويۇلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتقىنى 2018 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئاينىڭ كەينىگە قونۇش ۋە 40 يىلدىن بۇيانقى تۇنجى ئاي ئەۋرىشكىسىدۇر. ئالەم قاتناش تېخنىكىسى بىر دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ، ئەڭ مۇرەككەپ تېخنىكىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيىتى خىتاينىڭ پەن ـ تېخنىكا

[27]冯华、 <作为我国复杂度最高、技术跨度最大的航天系统工程嫦娥五号 创造五项中国首次（权威发布）>、 人民日报、 2020年12月18日、 第02版、 http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2020-12/18/nw.D110000renmrb_20201218_1-02.htm

ساھەسىدە نۇرغۇن ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

خىتاي- ئامېرىكا رىقابىتىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت پۈتۈن ساھەلەرگىچە كېڭەيدى . خىتاي ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسىدا ئامېرىكادىن تۆۋەن تۇرسىمۇ، تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىمەكتە . خىتاينىڭ بۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيىتى ئامېرىكانىڭ يېڭى ۋە تېخىمۇ ئىلغار سەۋىيەلىك ئالەم بوشلۇقى پىلانى قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن. بۇ بەلكى 60 يىل بۇرۇنقى ئامېرىكا- سوۋېت ئالەم بوشلۇقى رىقابىتىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، يېڭى ئامېرىكا- خىتاي ئالەم بوشلۇقى رىقابىتىنىڭ پىلتىسىنى تۇتاشتۇرۇشى مۇمكىن.

ئامېرىكا، خىتاي، رۇسىيە، ياۋروپا، ياپونىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئۆز ئالەم بوشلۇقى پىلانلىرى بار. يېقىندا ئاي شارىدا سۇ بايقالغانلىقى ۋە نۇرغۇن قىممەتلىك كان مەھسۇلاتلىرى بولۇش مۇمكىنچىلىكىگە دائىر خەۋەرلەرى چىقىۋاتىدۇ. يەنى كەلگۈسىدە ئالەم بوشلۇقى رىقابىتى،چوڭ كۈچلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم رىقابەت مەيدانى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

### ■ 5. خىتاي «ئارمىيە ئۆلچەم نىزامى»نى ئېلان قىلدى

12- ئاينىڭ 17- كۈنى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خىتاينىڭ يېڭى تۈزۈلگەن «ئارمىيە ئۆلچەم نىزامى» ئېلان قىلىندى.

مەزكۇر «نىزام» 9 باب ۋە 44 ماددا بولۇپ، ئارمىيەنىڭ ئۆلچەش خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ، ئاساسىي پرىنسىپى ۋە باشقۇرۇش بۆلۈمى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ ، مەشغۇلات مېخانىزمىنى ئەلالاشتۇرۇپ ، يېڭى سىستېما بويىچە

ئارمىيەنىڭ ئۆلچەش خىزمىتىنىڭ ئۇچۇرلۇق تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ ھەربىي ئۆلچەش تېخنىكا ئاپپاراتلىرى ، ئۆلچەم ئۆلچىمى ، ئۆلچەم تەكشۈرۈش خادىملىرى ۋە ئۆلچەم تېخنىكىلىق ئۆلچىمى قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇشىنى ياخشىلاپ ، ئارمىيەنىڭ يەرلىك ئۆلچەم مۇلازىمەتلىرىنى سېتىۋېلىشىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ، ئارمىيەنىڭ ئۆلچەم تېخنىكا سىستېمىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىش؛ ھەربىي ئۆلچەشنىڭ بارلىق قاتلاملىرى ۋە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش ھەمدە ئارمىيەنىڭ ئۇرۇش ۋە ئۆلچەشنى قوللاشقا تەييارلىق قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[28].

## مۇلاھىزە:

بۇ مۇ خىتاينىڭ «كۆچلۈك» ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر ئارمىيە قۇرۇش پىلانىنىڭ بىر قىسمى دېيىشكە بولىدۇ. خىتاي، ئامېرىكا ئارمىيەسىنى ئۆرنەك ئېلىپ تۇرۇپ زامانىۋى قورال‌لارغا ،ئىلغار تېخنىكا ۋە جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە كۆچلۈك ئارمىيە قۇرۇپ چىقىشنى پىلانلاۋاتىدۇ. بۇ شى جىنپىڭنىڭ 2035 ۋە 2049 پىلانىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسىملىرىدىن بىرسى دېيىشكە بولىدۇ. يېقىندىن بۇيان خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى، ئامېرىكا ـ خىتاي رىقابىتىنىڭ مۇرەككەپ ۋە كۆپ قىرلىق داۋام قىلىشى، تەيۋەن مەسىلىسى، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى مەسىلىسى، ھىندىستان- خىتاي چېگرا توقۇنۇشى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر خىتاي ئارمىيەسىنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولماقتا.خىتاي تېخنىكا، تۈزۈلمە، ئەمەلىي جەڭ ئىقتىدارى قاتارلىق ساھەلەردە كەلگۈسىدىكى جەڭگە تاقابىل تۇرالايدىغان زامانىۋى ئارمىيە قۇرۇشنى پىلانلاۋاتىدۇ ۋە قەدەملىرىنى تېزلىتىۋاتىدۇ. بۇ قەدەملەر ئامېرىكا ۋە خوشنا دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا بولغان ئەنسىرىشىنى ئاشۇرۇشى ۋە بۇ ئارقىلىق

[28]<中央军委主席习近平签署命令 发布新修订的《军队计量条例>、 新华网、 2020年12月17日、 http://www.xinhuanet.com/politics/2020-12/17/c_1126873308.htm

ئامېرىكا ۋە ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ھەربىي ھەمكارلىقىنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن.

■ 6. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى ۋە بەزى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش قارارى ئېلىندى

خىتاينىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى 12- ئاينىڭ 16- كۈنىدىن 18- كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا 13- بەش يىللىق پىلان ۋە 2020- يىلدىكى خىزمەتلىرى خۇلاسىلىنىپ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ئۈچۈن بەزى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش قارارى ئېلىنغان بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە: 1. دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پەن-تېخنىكا كۈچىنى كۈچەيتىش 2. سانائەت، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇستەقىل كونترول قىلىنىشىنى كۈچەيتىش 3. دۆلەت ئىچى ئېھتىياجىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇش 4. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش 5. ئۇرۇق ۋە تېرىلغۇ يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش 6. مونوپولغا قارشى تۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەبلەغنىڭ قالايمىقان كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش 7. چوڭ شەھەرلەردىكى تۇرالغۇ جاي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش 8. كاربون پەللىسىگە چىقىش ۋە كاربون نېيتراللىقى خىزمىتىنى ياخشى قىلىش.

يىغىندا ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ مۇۋاپىق دائىرىدە تۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، «ئالتە مۇقىملىق» ۋە «ئالتە كاپالەت» خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش، ماكرو ئىقتىسادنى كونترول قىلىش رىتىمى ۋە سالمىقىنى مۇۋاپىق ئىگىلەپ، ماكرو ئىقتىساد سىياسىتىنى توغرا ۋە ئۈنۈملۈك يولغا قويۇش كېرەكلىكى تەكىتلەندى. يىغىندا يەنە: يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا

ماسلىشىش، يېڭى تەرەققىيات ئۇقۇمىنى يولغا قويۇش ۋە يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ، پارتىيەنىڭ ئومۇمىي رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى سىياسىي كۆز قاراش بىلەن كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولۇش ، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ قارار چىقىرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەقىقىي تىرىشىش كېرەك دېيىلدى [29].

## مۇلاھىزە:

خىتاي بۇ يىل 10 ـ ئايدا 5 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئاچقان بولۇپ، بۇ يىغىننىڭ ئەڭ مۇھىم تېمىسى 14 ـ بەش يىللىق پىلان ۋە 2035 پىلانى ئىدى. خىتايدىكى نوپۇسنىڭ قېرىپ كېتىشى ، ئەمگەك كۈچىنىڭ قىممەتلىشىشى، خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبلىك نۇرغۇن كارخانىلارنىڭ خىتايدىن چىقىپ كېتىش ئېھتىمالىنىڭ كۈچىيىشى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئامېرىكا قاتارلىق رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى قاتارلىق ئامىللار خىتاي ئىقتىسادىي نىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بۇنىڭدىن باشقا خىتاينىڭ خوڭكوڭ ھەققىدە چىقارغان «دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى» قاتارلىقلار چەتئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالماقتا. خىتاينىڭ خۇسۇسىي كارخانىلارغا بولغان باشقۇرۇش، نازارەت ۋە ئىسلاھاتنى كۈچەيتىش قەدەملىرىمۇ خىتاي ئىقتىسادىي ۋە پەن تېخنىكا تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا دېيىلگەندىن باشقا، خىتايدىكى ئاشلىق مەسىلىسى، ياشانغان

[29]<中央经济工作会议在北京举行 习近平李克强作重要讲话栗战书汪洋王沪宁赵乐际韩正出席会议>、新华网、 2020年12月18日、 http://www.xinhuanet.com/politics/leaders/2020-12/18/c_1126879325.htm

نوپۇسنى بېقىش ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش كۆچىنىڭ ئاجىز بولۇشى[30]، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ناچارلىششى قاتارلىق ئامىللار خىتاينى ئىچكى بازارنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئېشىشنى تىزلىتىش يولىنى تاللاشقا مەجبۇر قىلماقتا. ئەمما بۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان نۇرغۇن ئامىل بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل خىتاينىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق سىياسىي تۈزۈلمىسى بولۇشى مۇمكىن.

خىتايغا نىسبەتەن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە سىياسىي مۇقىملىق خىزمىتى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. سىياسىي مۇقىملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرقانداق ئىقتىسادىي پائالىيەتكە يول قويۇلمايدۇ. بۇ خىل ھاكىمىيەتنى قوغداشنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش ئەندىزىسى مەلۇم بىر ۋاقىتتىن كېيىن خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇ قېتىمقى يىغىنىمۇ كومپارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداش، ھەرقانداق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى سىياسىي كۆز قاراش بىلەن كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولۇش قاتارلىق يوليورۇقلار بۇ ئەندىزىنىڭ نامايەندىسى دېيىشكە بولىدۇ.

■ 7. خىتايدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى

ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ خىتايدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى 2021- يىلدىكى مۇھىم

[30]Rachel Zhang, “China’s intellectual property agency reports fall in patent applications after quality drive”, South China Morning Post, 17.12.2020, https://www.scmp.com/news/china/politics/article/3114242/chinas-intellectual-property-agency-reports-fall-patent

مەسىلىگە ئايلاندى. ئەڭ يېڭى ئىستاتىستىكىغا ئاساسەن، بۇ يىل خىتايدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 8مىليون ئەتراپىدا بولۇپ2022 ـ يىلى 10 مىليوندىن ئاشىدىكەن[31]. خىتاينىڭ بەرگەن سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىلنىڭ بېشىدىكى 6.2% بولغان ئىشسىزلىق نىسبىتى 11ـ ئايدا 5.2 گە تۆۋەنلىگەن. بۇ نىسبەت ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ بۇ يىلقى% 6 لىك نىشاندىنمۇ تۆۋەن. دۆلەتلىك ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە ، دەسلەپكى 11 ئاي ئىچىدە ، تەخمىنەن 11 مىليون شەھەردە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىلغان بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ يىللىق نىشانى 9 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن. ئەمما خىتاينىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمى يەنىلا ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، نۇرغۇن چارىلەرنى قوللىنىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىغان. خىتاي ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرىنىڭ دېيىشىچە، ئەگەر بازار يېتەرلىك ئىش پۇرسىتى تەمىنلىيەلمىسە ھۆكۈمەت چوقۇم ياردەم قىلىشى كېرەك ئىكەن، بولمىسا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ناھايىتى قىيىنغا توختايدىكەن[32].

## مۇلاھىزە:

ئىشسىزلىق مەسىلىسى خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ مەسىلىلىرىدىن بىرى. خىتايدەك دۇنيانىڭ ئەڭ كۆپ نوپۇسىغا ئىگە دۆلەت ئۈچۈن، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى جەمئىيەت مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، پاراۋانلىق ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم مەسىلە. شۇڭلاشقا، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە. ئەمما خىتاي ئېلان قىلغان ئىشسىزلىق نىسبىتى

[31]<2021年高校毕业生或突破900万人、 就业新空间在哪儿>、 新华网、 2020年12月14日、 http://www.hn.xinhuanet.com/2020-12/14/c_1126856788.htm

[32]Frank Tang, “China urged to ‘expand job market’, provide support for university graduates and migrant workers in 2021”, South China Morning Post, 18.12.2020, https://www.scmp.com/economy/china-economy/article/3114385/china-urged-expand-job-market-provide-support-university

گۇمان قوزغىماقتا. خىتايدەك چوڭ نوپۇسقا ئىگە دۆلەتنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى نۇرغۇن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىن كۆپ ئاز. يېقىندا خىتايدىكى داڭلىق ئىقتىسادشۇناس ياۋ ياڭنىڭ ئېيتىشىچە ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارمىقىدىكى دۆلەت تەرەققىيات ئىنستىتۇتى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا 6000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ قېتىلىشى بىلەن توردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈشتە كۆرسىتىلىشىچە ، ئىشسىزلىق نىسبىتى% 15 كە يەتكەن بولۇپ ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە% 5 ى يېرىم ئىشسىز ئىكەن. خىتايدا ئىشقا ئورۇنلىشىشتا 700 مىليوندىن ئارتۇق كىشىنىڭ بارلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا ، ئىشسىزلىق نىسبىتى% 20 كە ئاساسەن يۈز مىليوندىن ئارتۇق كىشى ئىشسىز بولىدۇ.

ئۇزۇندىن بۇيان، خىتاينىڭ تەكشۈرگەن ئىشسىزلىق نىسبىتى پەقەت شەھەر ئاھالىلىرىنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەلگەنىدى. تەنقىدچىلەرنىڭ پىكرىگە قارىغاندا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇزۇندىن بۇيان يېزىلاردىكى يوشۇرۇن ئىشسىزلىق كۆلىمىنى دېھقانلارنىڭ «تېرىلغۇ يېرى بار» دەپ قاراپ ئىشسىز ھېسابلىمىدى. ئەمەلىيەتتە ، خىتايدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ئىنتايىن چەكلىك بولغانلىقتىن ، يېزىلاردا كۆپ ساندىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى پەيدا بولدى ، ئەمما بۇ يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى ئادەتتە ھۆكۈمەت ئىستاتىستىكا دائىرىسىدە ئەمەس ئىكەن[33]. بۇنىڭدىن باشقا خىتايدا 200 مىليوندىن ئارتۇق تېخنىكىلىق ئىشچى، 50 مىليوندىن ئارتۇق يۇقىرى سەۋىيەلىك تېخنىكىلىق ئىشچى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىمۇ ناھايىتى تۆۋەن[34]. بۇ ئادەتتىكى ئىشچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن.

[33]家傲、 <北大学者：中国失业率恐高达两成>、自由亚洲电台 、2020年12月18日、 https://www.rfa.org/mandarin/yataibaodao/jingmao/hc-12182020131524.html
[34]李心萍、<我国技能劳动者已超过2亿人(权威发布)高技能人才超过5000万人>、 人民日报、 2020年12月19日、 第04版、 http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2020-12/19/nw.D110000renmrb_20201219_7-04.htm

پۈتۈن بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا خىتايدا ئىشسىزلىق نىسبىتى خېلىلا ئېغىر بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن بۇنى يوشۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ئەمما ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانىنىڭ يىلدىن يىلغا ئېشىشى،ئەمگەك كۈچىنىڭ قىممەتلىشىشى، خەلقئارالىق شىركەتلەرنىڭ خىتايدىكى زاۋۇتلىرىنى يۆتكەپ كېتىش تەشەببۇسلىرى، خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى شىركەت، زاۋۇتلارنىڭ تاقىلىپ قېلىشى قاتارلىق ئامىللار خىتايدىكى ئىشسىزلىق نىسبىتىنى ئۆرلىتىۋېتىشى مۇمكىن.

■ 8. خىتاي «چەتئەل مەبلىغى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش تەدبىرلىرى»نى ئېلان قىلدى

12-ئاينىڭ 19- كۈنى خىتاي دۆلەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ۋە سودا مىنىستىرلىكى«چەتئەل مەبلىغى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش تەدبىرلىرى»نى ئېلان قىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان ياكى تەھدىت ئېلىپ كېلىش ئېھتىمالى بولغان چەتئەل مەبلەغلىرىگە دۆلەت بىخەتەرلىكى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ.

بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش تەدبىرلىرى23 ماددا بولۇپ، بۇلار چەتئەل مەبلىغىنىڭ تۈرلىرى، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ، تەكشۈرۈش دائىرىسى ، تەكشۈرۈش تەرتىپى، تەكشۈرۈش قارارى ، نازارەت قىلىش ۋە يولغا قويۇش ۋە بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش تەدبىرلىرىگە ئاساسەن، دۆلەت چەتئەل مەبلەغ سېلىش بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىدۇ. خىزمەت مېخانىزمى ئىشخانىسى دۆلەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ۋە سودا مىنىستىرلىكى

باشچىلىقىدىكى دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىغا جايلاشقان بولۇپ ، كۈندىلىك مەبلەغ سېلىش بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش تەدبىرلىرى ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈندىن كېيىن رەسمىي يولغا قويۇلىدۇ[35].

## مۇلاھىزە:

خىتاي 2019- يىلى3- ئاينىڭ 15 -كۈنى «چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار قانۇنى » نى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ يىل 2020- يىلى 1- ئاينىڭ 1- كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلغان ئىدى. ئالدىنقى ھەپتە بەزى ماددىلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ ئېلان قىلىندى. خىتاينىڭ بۇ قانۇنىدىكى مۇھىم سۆزنىڭ بىرسى مەنپىي تىزىملىكتۇر. بۇ مەنپىي تىزىملىك 1995 - يىلى« چەتئەل مەبلەغ سېلىش تىزىملىكى» نامىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، خىتايدىكى مەبلەغ سېلىش ساھەلىرى رىغبەتلەندۈرۈش تۈرلىرى، چەكلەنگەن تۈرلەر ،مەنئى قىلىنغان تۈرلەر دەپ ئۈچكە ئايرىلغان ئىدى. كېيىنچە ، چەتئەل مەبلەغ سېلىش تىزىملىكى«سەلبىي تىزىملىك» بولۇپ ئۆزگەردى، ئۇ 2013- يىلى شاڭخەي ئەركىن سودا رايونىدا تۇنجى قېتىم سىناق قىلىنغان ۋە 2018- يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە يولغا قويۇلغان ئىدى.2013 -يىلى تىزىملىكتە 190 «چەكلەنگەن» ياكى «مەنئى قىلىنغان » كەسىپ بار بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 2019-يىلى يېڭىلانغان تىزىملىكتە 40 كەسىپ بار ئىدى .

خىتاي بازىرىغا كىرىش چەتئەل شىركەتلىرى ئۈچۈن ناھايىتى قىيىن بىر باسقۇچ بولۇپ، نۇرغۇن رەسمىيەت ئۆتەش، كۆپ باسقۇچلۇق تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈشتىن باشقا،تېخنىكىسىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇرلىنىش قاتارلىق توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. 2019- يىلى مەزكۇر قانۇن

[35]<国家发展改革委、商务部发布《外商投资安全审查办法》>、 新华网、2020年12月19日、http://www.xinhuanet.com/fortune/2020-12/19/c_1126882602.htm

ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ پۈتمەس رەسمىيەت ۋە مۇرەككەپ تەكشۈرۈش باسقۇچلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلدى ۋە مەجبۇرىي تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە چەكلىمىلەر قويۇلدى. بۇ چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى خوش قىلغان بولسىمۇ خىتاي مەنپىي تىزىملىك(Negative list) سىستېمىسى ئارقىلىق باشقىچە يول بىلەن چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ خىتاي بازىرىغا كىرىشنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. بۇ قېتىم «چەتئەل مەبلىغى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش تەدبىرلىرى» ئارقىلىق چەتئەل مەبلىغىنىڭ خىتايغا كىرىشىنى يەنە قىيىنلاشتۇرغاندەك تۇرىدۇ.

گەرچە خىتاي بۇنى “ قورۇقچىلىق” ئەمەس بەلكى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشنىڭ كاپالىتى دېگەن بولسىمۇ، خىتاينىڭ ھەر خىل باھانىلەر بىلەن غەرب شىركەتلىرىنىڭ خىتايغا كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشى داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ .گەرچە بۇنداق تەدبىر نۇرغۇن دۆلەتلەردە يولغا قويۇلىۋاتقان بولسىمۇ، خىتاينىڭ ئەھۋالى نىسبەتەن پەرقلىق. خىتاي چىقارغان قانۇنلىرىدا داۋاملىق ئىككى بىسلىق، ئېنىقسىز ئىبارىلەر بىلەن ئويۇن ئويناپ كەلگەچكە ۋە خىتايدىكى قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشى ھاكىمىيەتنىڭ خاھىشى بويىچە بولىدىغان بولغاچقا، بۇ قېتىمقى تەدبىر چەتئەل مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئەندىشىگە سالماقتا ۋە نارازىلىقىنى قوزغىماقتا.

ئامېرىكانىڭ يېقىندىن بۇيان دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە ئىنسان ھەقلىرى سەۋەبىدىن نۇرغۇن خىتاي شىركەتلىرىنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈشى خىتاينىڭمۇ بۇ يېڭى تەدبىرنى باھانە قىلىپ ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئۆچ ئېلىشقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. يەنى بۇ تەدبىر بۇندىن كېيىنكى قورۇقچىلىق سىياسىتىنىڭ قورالى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. خىتاي تەرەققىياتىنى ساقلاپ قېلىش ھەتتا تېخىمۇ چوڭ تەرەققىيات ئۈچۈن چەتئەل مەبلىغىگە ئېھتىياجى بار. ئەمما خىتاي ئۈچۈن ھاكىمىيەتنىڭ بىخەتەرلىكى ھەممىدىن

مۇھىم تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، بەزى قۇربانلىقلارنى بېرىشى كېرەك. ئەمما بۇ قۇربانلىقنىڭ بەدىلى ئېغىر بولۇشى مۇمكىن.

## تەۋسىيەلەر

خىتايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ كۈنسېرى مۇستەبىتلىشىشىگە ئەگىشىپ خىتايدىكى خۇسۇسىي كارخانىلار، ئوتتۇرا كىچىك تىپتىكى زاۋۇتلارنىڭ كۈنى بارغانچە تەسلىشىشى ۋە ھاكىمىيەتكە بولغان نارازىلىقى كۈچىيىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا خىتايدىكى ئىشسىزلىق، ئاچارچىلىق، نوپۇسنىڭ قېرىپ كېتىشى ، ئىقتىسادىي ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، جەمئىيەت مۇقىملىقى مەسىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. تارىختىمۇ خىتاي ھاكىمىيەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكى ئىسيانلار بىلەن يىقىلغان ئىدى. شۇڭا خىتايدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇش ۋە بۇنىڭغا تەييارلىق قىلىش كېرەك. تەشكىلاتلار، تەشكىلات شەكلىدە ئەمەس دۆلەت ئورگىنى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىش، ئۆز-ئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش لازىم. مۇشۇنداق بولغاندا بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايمىز.

# بۇ ھەپتە شەرقىي تۈركىستان
## (21.12.2020 —14.12.2020)
**نىجات مەمەت**

### ■ خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارغاباتاي ۋىلايىتىنى نۇقتىلىق ئېچىش، ئېچىۋېتىش سىناق رايونى قىلىپ تەستىقلىدى[36]

خىتاي 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىپ[37] شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارغاباتاي ۋىلايىتىنى نۇقتىلىق ئېچىش، ئېچىۋېتىش سىناق رايونى قىلىپ تەستىقلىغان، تەستىقتا مۇنۇلار كۆرسىتىلگەن: تارغاباتاي ۋىلايىتى«شىنجاڭ»نىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ھەمكارلىشىش، غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى مۇھىم كۆزنىكى. نۇقتىلىق ئېچىش، ئېچىۋېتىش سىناق رايونى ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇشنى تېزلىتىدۇ. <بىر بەلباغ، بىر يول> نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق، تارغاباتاي ۋىلايىتىدە خەلقئارالىق ھەمكارلىق سۈپىتى قۇرۇش، بۇ ئارقىلىق چېگرا رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش.

[36]شىنجاڭ گېزىتى، 16 ـ 12 ـ 2020. شىنجاڭ تارغاباتاي نۇقتىلىق ئېچىش، ئېچىۋىتىش سىناق رايۇنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى جاۋابىغا ئېرىشتى.
http://uy.xjdaily.com.cn/shuzibao/newspaper/2020_12_17/09/25_2071196.pdf

[37]国务院、国务院关于同意设立新疆塔城重点开发开放试验区的批复、国函〔2020〕166号、2020年12月15日 、http://www.gov.cn/zhengce/content/2020-12/15/content_5569563.htm

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىنغان: «شىنجاڭ»نىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەمكارلىقىدىكى ئۈنۈمنى جارى قىلدۇرۇش، چېگرا رايونىنىڭ شەھەر- بازارلىشىشىنى تېزلىتىش، چېگرا رايونىنىڭ مۇقىملىقىنى مۇستەھكەملەش بۇ ئارقىلىق يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش. گوۋۇيۈەنىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئالاقىدار تارماقلىرى فۇنكسىيەسىگە ئاساسەن ئىش تەقسىملەپ، سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ئالاقىدار يىرىك پىلان تۈزۈش، سىياسەت تۈزۈش، مەبلەغ سېلىش، تۈر ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە پائال يېتەكچىلىك قىلىش.

## مۇلاھىزە:

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ چېگرا رايونلىرىغا مەبلەغ سېلىشنى كۈچەيتىش ۋە ئېچىۋېتىشنى تېزلەشتۈرۈشى، ئەمەلىيەتتە <بىر بەلباغ بىر يول>ئىستراتېگىيەسى ئۈچۈن ئۇل ھازىرلاپ، غەربتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى ۋە سودا ئېقىشىنى تېزلەشتۈرۈش ئۈچۈن بولماقتا. بۇ كۆرىنىشتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما بۇ يەنىلا خىتاينىڭ ئالىي مەنپەئەتى ئۈچۈن بولماقتا. خىتاي 2019 يىلى شەرقىي تۈركىستان چېگراسى ئارقىلىق ئېلىپ بارغان ئومۇمىي سودا سوممىسى 164 مىليارد 90 مىليون سوم بولۇپ ئوخشاش مەزگىلدىكىگە قارىغاندا 23.8% ئېشىپ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان[38]. بۇ سانلىق مەلۇماتلار نېمە ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان چگرا رايونىنى سىناق ئېچىش نۇقتىسى قىلىپ تەستىقلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

## ■ بۇ يىل شەرقىي تۈركىستاندا 32 نۇقتىلىق تۈر پۈتۈن ئىشقا

[38]中国新闻网、新疆加入国家重点开发开放试验区行列、2020-12-16、http://www.chinanews.com/gn/2020/12-16/9364039.shtml

كىرىشتۈرۈلدى[39].

ئالتاي-كۆكتوقاي-شەرقىي جۇڭغار تۆمۈر يولى (ئالتاي-كۆكتوقاي بۆلىكى) دە 12-ئاينىڭ 6-كۈنى قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگەن، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يول ئايلانما لىنىيەسىنى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان؛ گولمۇد-كورلا تۆمۈريولى (شەرقىي تۈركىستان بۆلىكى) دە 12-ئاينىڭ 9-كۈنى قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگەن، شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ چىقرىغان 3- تۆمۈر يول چوڭ يولى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلغان؛ كىرىيە ۋەنفاڭ ئايرودرومىدا 12-ئاينىڭ 7- كۈنى سىناق تەرىقىسىدە ئۇچۇش سىنىقى تاماملانغان. بۇ 32 نۇقتىلىق تۈر، بەشى قاتناش تۈرى، ئىككى سۇچىلىق تۈرى، ئون ئېنېرگىيە تۈرى، توققۇز كەسىپ تۈرى، ئالتە خەلق تورمۇشى تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

## مۇلاھىزە:

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قاتناش ئۇل- ئەسلىھەلەر تۈرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشى،شەرقىي تۈركىستاننىڭ <بىر بەلباغ بىر يول> ئىستراتېگىيەسىنىڭ تۈگۈن نۇقتىسى بولغانلىقىدا دېيەلەيمىز. دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئوخشاش مەزگىلگە قارىغاندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ چېگرا تۆمۈر يولىنىڭ توشۇش  ھەجمى 3 مىليون 300 مىڭ توننا بولۇپ، 55.37% ئېشىش كۆرۈلگەن[40]. خىتاينىڭ كەسىپ تۈرى بويىچە توقۇمىچىلىق، كىيىم-كېچەك، سۇچىلىق تۈرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى، شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلارغا قامالغان ئۇيغۇرلارنى كەسىپلەر بويىچە تەربىيەلەش نامىدا مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىش ئارقىلىق تۆۋەن مائاش بىلەن ئىشقا سېلىش

[39]شىنجاڭ گېزىتى، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدا 32 نۇقتىلىق تۈر پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى http://uy.xjdaily.com.cn/shuzibao/index.html 2020-12-17

[40]新华社、新疆霍尔果斯中欧（中亚）班列货运量增长超五成、2020-08-07 http://www.gov.cn/xinwen/2020-08/07/content_5533023.htm

ۋە پايدىلىنىش بولۇشى مۇمكىن[41]. قۇللۇق تۈزۈم ئاللىبۇرۇن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن خىتايغا ئوخشاش دىكتاتور بىر دۆلەت، ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئارقىلىق ھېچقانداق ئىش ھەققى بەرمەي، زامانىۋى قۇللۇقنى داۋاملاشتۇرماقتا.

## ■ ئۈرۈمچى شەھىرىدە 3300 دىن كۆپرەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ قورۇسى بەرپا قىلىندى.[42]

شى جىنپىڭ 2014 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇنجى قېتىم <قوشماق تۇغقان>[43]سىياسىتىنى تىلغا ئالغاندىن بۇيان، 2017 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە ئۈرۈمچى شەھىرى 3324 مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ قورۇسى(ئولتۇراق رايون) نى بەرپا قىلغان.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمىتى <قوشماق تۇغقان> سىياسىتى ھەققىدە <مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە بولۇش> تېمىسىدىكى بىر يۈرۈش نەشىر بۇيۇمىنى نەشىر قىلغان ئىدى.[44]

### مۇلاھىزە:

خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن بۇيان، تۈرلۈك

[41]ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، مىرادىل ھەسەن پاش قىلغان ئاقسۇدىكى خۇافۇ فابرىكىسىنىڭ 20 مىڭدىن ئارتۇق لاگېر تۇتقۇنىنى ئىشقا سېلىۋاتقانلىقى دەلىللەندى، 21 ـ 10 ـ 2020
https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/miradil_hesen_10212020115006.html
[42]شىنجاڭ گېزىتى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە 3300 دىن كۆپرەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ قورۇسى بەرپا قىلىندى، 18 ـ 12 ـ 2020
http://uy.xjdaily.com.cn/shuzibao/newspaper/2020_12_19/08/43_1070620.pdf
[43]新华网、习近平称赞民族连官兵：真是“民族团结一家亲”、2014-04-28 http://www.xinhuanet.com//politics/2014-04/28/c_1110452726.htm
[44]新疆统一战线网、新疆首批“民族团结一家亲”系列出版物出版发行、2016-11-14 http://www.xjtzb.gov.cn/2016-11/14/content_564660.htm

ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىدى، ئەمما شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆز مەۋجۇدىيەتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يەنىلا تىركىشىپ بوشاشمىغان ئىدى. مەلۇمكى، ئائىلە بىر شەخسنىڭ پىسخىكىلىق، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، كۈلتۈر ۋە بىيولوگىيەلىك ئېھتىياجىنى قامدايدىغان ئەڭ يادرولۇق ئىجتىمائىي مۇئەسسەسە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا بىر شەخسنىڭ بۇ ئېھتىياجلىرى قامدالمىغان ياكى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان تەقدىردە، ئۇ شەخس ۋە ئۇ شەخس تەۋە بولغان جەمئىيەتنىڭ ئۇلى ئېغىر دەرىجىدە تەۋرەيدۇ.  خىتاي ھۆكۈمىتى بۇرۇنقى ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرىدە ئۇيغۇر ئائىلە قۇرۇلمىسىغا بىۋاستە زىيان يەتكۈزمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان <قوشماق تۇغقان >، ئۆيلەرگە ئادەم سەپلەپ قويۇش ۋە مەجبۇرىي تويلىشىش سىياسەتلىرى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى ئائىلىگە قەدەر كېڭەيتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ مەھرەم ۋە خۇسۇسىي ساھەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يادرولۇق ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان ئائىلە مۇئەسسەسىنى ھالاكەتكە ئىتتىرمەكتە[45]. داڭلىق يازغۇچىمىز، يېتۈك شائىرىمىز ۋە ئىلمشۇناسلىرىمىزدىن بىرىنىڭ مۇنداق بىر ئېسىل گېپىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشنى بۇ يەردە زۆرۈر دەپ قارايمەن: »ۋەتىنىمىز ئىشغالىيەتكە ئۇچراپ ئەركىنلىكىمىز قولدىن كەتتى، لېكىن مەن ئۆزۈمنى ئۆيۈمدىلا ئەركىن ھېس قىلىمەن، شۇڭا ماڭا نىسبەتەن ئائىلە، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۆيۈم ئەڭ ئەركىن ۋە بىخەتەر ماكان ھېسابلىنىدۇ. »

## ■ جۇڭغار ئويمانلىقىدا 10 مىليارد كۇب مېترلىق چوڭ گاز زاپىسى بايقالدى[46]

[45]ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى، شاھىت قەلبىنۇر سىدىق خىتاينىڭ «قوشماق تۇغقان» سىياسىتىنىڭ جىنسىي پاراكەندىچىلىك ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى21-09-2020
https://www.rfa.org/uyghur/qisqa_xewer/lager-shahit-09212020172155.html

[46]تيانشان تورى، جۇڭغار ئويمانلىقىدا 10 مىليارد كۇب مېترلىق چوڭ گاز زاپىسى بايقالدى، 2020-12-21

12 ـ ئاينىڭ 18 كۈنى خىتاي نېفىتى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى نېفىتلىكى شىركىتى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكى، قۇتۇبى ناھىيەسى خۇتەن 1 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقىدا ئېنىقلانغان گاز زاپىسى كۆلىمى 10 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشقان.

## مۇلاھىزە:

خىتاي 1955 ـ يىلى 29 ـ نويابىر كۈنى قارامايدا تۇنجى نېفىت قۇدۇقىنى ئاچقان، ھازىرچە 17 چوڭ نېفىتلىك بار، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭغار ئويمانلىقى نېفىت زاپىسى 8 مىليارد 600 مىليون توننا، تەبىئىي گاز زاپپىسى 2 تىرىلىيون 100 مىليارد كۇب مېتىر. 2019 ـ يىلى 12 مىليون 470 مىڭ توننا خام نېفىت، 2 مىليارد 930 مىليون تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلغان. [47] خىتاي ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى جەھەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى نېفىتلىك بازىلىرى ئىككىنچى چوڭ نېفىتلىك بولغان. خىتاي 2000 ـ يىلى2 ـ ئايدا غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش پىلانى بويىچە، تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، 2004 ـ يىلى 30 ـ دېكابىردا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان، بۇ غەربتە تارىم ئويمانلىقىدىن شەرقتە شاڭخەي شەھىرىگىچە بولغان 4000كىلومېتىرلىق لىنىيە بولۇپ، يىللىق توشۇش مىقدارى 12 مىليارد كۇب مېتىر كېلىدۇ.

## ■ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمىتى تۇنجى دۆلەتلىك رايون داۋالاش مەركىزى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى.[48]

---

http://uy.ts.cn/system/2020/12/21/036539903.shtml

[47]中国石油、新疆2019年原油产量净增幅度居中国油气田之首、2020-01-08 http://www.cnpc.com.cn/cnpc/mtjj/202001/498a005d1c3e446f8deef3f9c3d1239c.shtml

[48]شىنجاڭ گېزىتى، ئاپتونوم رايونىمىز تۇنجى دۆلەتلىك رايون داۋالاش مەركىزىنى قۇرۇشقا تاييارلىق قىلدى. 20 ـ 12 ـ 2020

http://uy.ts.cn/system/2020/12/20/036539621.shtml

2019 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ 1 ـ تۈركۈمدىكى <1+10>رايون داۋالاش مەركىزى قۇرۇلۇشى سىناق قىلىنغان ئورۇن بولغان ئىدى[49]. بۇ يىل 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن باشلاپ بېيجىڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى بېيجىڭ بالىلار دوختۇرخانىسى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بالىلار دوختۇرخانىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ دۆلەتلىك بالىلار داۋالاش مەركىزى قۇرۇپ چىقىدىكەن. بۇ قۇرۇلۇش 10 يىل داۋام قىلىدىكەن،ئالدىنقى بەش يىل ئىچىدە 800 كارىۋاتلىق كېسەلخانا بىناسى سېلىنىپ، ئاق قان كېسىلى، باش سۆڭىكى ئۆسمىسى، لىمفا ئۆسمىسى داۋالاشنى ئاساس قىلىدىكەن.

## مۇلاھىزە:

خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بىر قىسمىنى جازا لاگېرلىرىغا قامىغانلىقىدىن، شەرقىي تۈركىستاندا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلغان ئىگە ـ چاقىسىز بالىلار يېتىم ـ يېسىرلار ئورۇنلىرىغا ئاپىرىلىپ قويۇلماقتا ئىدى[50] [51]. ئەمما يەنە بىر قىسىم بالىلار سىرتلاردا ئىگە ـ چاقىسىز قالغانلىقى ئۈچۈن كوچىلاردا ئۆلۈپ قېلىۋاتقان ئىشلار يۈز بەرمەكتە ئىدى.[52]ھەتتا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا شەرقىي تۈركىستاندىكى بالىلارنىڭ ئىچكى ئەزا ئەتكەسچىلىرىنىڭ نىشانلىق ئوبيېكتى ئىكەنلىكى ھەققىدە ۋىدېئولار تارقىلىۋاتقان ئىدى.

بۇ سەۋەپلەر تۈپەيلى، خەلقئارا جەمئىيەت شەرقىي تۈركىستاندىكى

[49]中国人民共和国国家发展和改革委员会网、关于印发《　　区域医疗中心建设试点工作方案》的通知、2019、1670　　号、https://www.ndrc.gov.cn/xxgk/zcfb/tz/201911/t20191105_1197713.html
[50]BBC,　新疆再教育营：学校分隔了维族儿童与家人,2019-07-05　https://www.bbc.com/zhongwen/simp/chinese-news-48887373
[51]纽约时报、新疆镇压行动中的维吾尔族儿童、2019-12-30、https://cn.nytimes.com/china/20191230/china-xinjiang-children-boarding-schools/
[52]ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى، قارىقاشتا ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپ قازا قىلغان بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ لاگېردا ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى، 28 ـ 12 ـ 2018.
https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/kishilik_hoquq/qaraqashtiki_tonglap_olgen_narside_12282018230526.html

باللارنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلىپ خىتايغا شەرقىي تۈركىستاندىكى باللارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈۋاتقان ۋەزىيەتتە، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى باللار ئۈچۈن ئاق قان كېسىلى، ئۆسمە قاتارلىق داۋالاش قىيىن بولغان كېسەللەرنى ئاساس قىلغان كۆلەملىك داۋالاش مەركىزى قۇرۇشى ئالاھىدە دىققەت تارتىدۇ.

### ■ تۇرپان شەھىرى بەلگىلىمە چىقىرىپ، قۇرۇق ئۈزۈم كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى[53]

12-ئاينىڭ 1- كۈنى تۇرپان ھۆكۈمىتى <تۇرپان شەھىرىنىڭ قۇرۇق ئۈزۈم سۈپىتىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى> يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان. بۇ بەلگىلىمە شەرقىي تۈركىستاندىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مەخسۇس قوغدايدىغان تۇنجى يەرلىك بەلگىلىمە بولۇپ، بۇ ئارقىلىق قۇرۇق ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش، پىشقلاپ ئىشلەش، توشۇش ۋە ساقلاشنى قېلىپلاشتۇرىدىكەن.

## مۇلاھىزە:

شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقنىڭ بىر قىسمى جازا لاگېرلىرىغا سولانغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ قىسىم تېرىلغۇ يەر ئىگىلىرى مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان خېرىدار تاپالمىدى، ياكى تېرىلغۇ يەرلەر قۇرۇق قالدى. ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا دېھقانلارنىڭ مېۋە - چېۋىلىرىنى بىكارغا تارقاتقانلىقىغا دائىر ۋىدىئولىرى تارقالدى. خىتاينىڭ <قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش> باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېزا - ئىگىلىكىنى نىزام بىلەن باشقۇرۇشنى تېزلىتىشى، دېھقانلارنىڭ ئېلىم- سېتىم ئىشلىرىغا توسالغۇلار ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

---

[53]شىنجاڭ گېزىتى، تۇرپان شەھىرى نىزام چىقىرىپ، قۇرۇق ئۈزۈم كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، 17-12-2020
http://uy.xjdaily.com.cn/shuzibao/newspaper/2020-12-18/20/22-4782178.pdf

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ ئەڭ ياخشى مەھسۇلاتىنى قولىدىن ئېلىۋېلىپ، قالغان مەھسۇلاتىنى سېتىپ چىقىرىشقا يول قويماسلىقى مۇمكىن. بۇ خىل نىزام شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا شەھىرلىدىمۇ ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن.

## تەۋسىيەلەر

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا <تەرەققىيات، ئىسلاھات > نامى بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان قۇرۇلۇشلىرىنىڭ، ئەمىلىيەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن ئەمەس، خىتاينىڭ ئالىي مەنپەئەتى ئۈچۈن بولىۋاتقانلىقى، شەرقىي تۈركىستاندا <مىللەتلەر ئىتىپاقى>،<قوشماق تۇغقان> سىياستى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۈلتۈرى ۋە كىملىكىنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقى، سەبىي گۈدەك باللارنى داۋالاش نامىدا سىناق ئوبيېكتى قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرىنى خالىغانچە ئىشلىتىۋاتقانلىقى، ھەر خىل بەلگىلىمىلەر ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە توسالغۇلار پەيدا قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ماتىرىياللارنى ئارخىپلاشتۇرۇپ، بۇ ئارخىپلارغا ئاساسەن ئىلمىي دوكلات تەييار قىلىپ ئاكادېمىك ۋە سىياسىي ساھەلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا تەقدىم قىلىش، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ھەمبەھرلەپ خىتاينىڭ ئەپتى- بەشىرىسىنى ئېچىش كېرەك.